ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خەلق ديموكراتيك برلك سفيگه ئويوشوڭلار!

# ئتفاق

10 - 11

1950 ـ يل ئوكتەبر ـ نويابر

# ئىتتىپاق

سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى وە
ئەدەبى ئايلىق ژورنال

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى
باش ئىدارىيە ھەيئىتىنىڭ نەشر ئەفكارى

سان 10 — 11 ( 25—26 )
1950—يىل ئوكتەبر—نويابر

## ژورنالنىڭ تەھرىر ھەيئىتى:

داۋۇت تۇرەھمەتوف (ھەيئەت باشلىقى)، ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز شەرىفى، تۇرسۇن بورھانى، ئابدۇقادىر زۇنۇن، ئەنۋەر لوقمان، خەروى، غوپۇر ئىمىنوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، زىيا سەمەتوف، بولانتاي، ئەخمەت نەجىبى، مەجىد زايىدى، قوربان غەلى، ئەخمەت غەلى سەيىدبايوف.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوگونوش ئسلوبى، پارتيەنڭ خزمەت ئسلوبى وە ئەدەبيات ئسلوبينى تەرتيپكە سيلش

ماوزەيدوڭ

( 1942 نچى يلى برنچى فيورالدا پارتيە مكتەبينڭ ئچلش مۇراسميدا سوزلەنگەن نوتوق )

پارتيە مەكتيبى بوگون ئيچلدى. مەن مەكتەپنڭ مووافقيتينى تەبريكلەيمەن.

پارتيەمزنڭ خزمەت ئسلوبى مەسئلەسى توغرولوق برنەچچە سوزلەپ ئوتمەكچيمەن.

نيمە ئوچون ئينقلابى پارتيەنڭ بولوشى لازم؟ چونكى دونيادا دوشمەنلەر ماوجود بولوپ تورماقدا. شونڭ ئوچون ئينقلابى پارتيەنڭ بولوشى لازم. ھەممە يالغوز ئادەتتيكى ئينقلابى پارتيەلا بولوپ قالماسلقى، بەلكى كاممونيستلار پارتيەسيگە ئوخشاش خاراكتيرلك ئينقلابى پارتيەنڭ بولوشى لازم. چونكى ئەگەر كاممونيستلار پارتيەسيگە ئوخشاش خاراكتيرلك ئينقلابى پارتيە بولمغاندا، دوشمەنني قەتئى يوقوتوش مومكين بولمايدو. بز دوشمەنني يوقوتمەزديسەك، قوشونلريمزنڭ تەرتيپلك بولوشى قەدەميمزنڭ بردەك بولوشى، جەڭچلريمزنڭ ئوگوتولگەن بولوشى، قوراليمزنڭ ياخشى بولوشى لازم. ئەگەر بو شەرتلەر تەيارلانمغاندا، ئو واقتدا دوشمەنني يوقوتالمايمز. ھازر پارتيەمزدە يانا قانداق مەسئلەلەر بار؟ پارتيەمزنڭ ئومومى يولى توغرى. ئونڭدا ھيچ گەپ يوق. پارتيەمزنڭ خزمتى

ئەنجىبەك، بىزدە بىر قانچە يۈزەكى قالغان پارتىيە ئەزالىرى بار. ئۇلار خەلق بىلەن بىر يولدا تۇرۇپ، مىللىي دۈشمەنلەرگە قارىتا جاپالىق تۈردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك كۈرەشلەرنى قىلماقتا. بۇلاق قەھرىمانانە يىلدا ئاكارلىق، ۋەھىمى ۋە خەلق ئۈچۈن قىلغان خىزمىتى ئەنجىبىسىنى ھەممە كۆرمەكتە. بۇنىڭغا شۇبھىلىنىش مۇمكىن ئەمەس.

ئاندىلاق بولغاندا زادى پارتىيەمىزدە ئەدقىقلاپ ئۆتىلىدىغان يانا مەسىلىلەر بارمۇ-يوقمۇ؟ كامچىلىقلار بارمۇ-يوقمۇ؟ مېنىڭچە يانا مەسىلىلەر ۋە كامچىلىقلار بار. بەلكى بەزى ئەھمىيەتى چەممەتىلىن ئىيابىتىقاندا، مەسىلىلەرنى لادىقلىق دەۋرىچىلەمىغرە

ئۇقانداق مەسىلە؟ بىر قانچە تۈرلىك ئەرسىلەر بەزى يولداشلار مېكىيبىسىلە ئىخى ئانچە ھەقىقىي، ئانچە توغرى بولمىغانلىقى كۆرۈنمەكتە: ئۇلار قانداق ئەرسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بىرسى مەفكۇرە مەسىلىسى، بىرسى پارتىيەلىك ئۆچى، ۋە ئىشلىدىكى مۇناسىۋەتلەر مەسىلىسى. يانا بىرسى تىل ۋە بۇزۇق مەسەلىسى. بۇ ئۈچ مەسىلىدە بەزى يولداشلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ ئانچە توغرى بولمىغان بەزى ئۇسلۇبلارنى تاشلىمىدى. مانا بۇ ئۆگۈنۈش ئۇسلۇبىمىزدا، پارتىيە ئۇسلۇبىمىزدا، ۋە ئەدەبىيات ئۇسلۇبىمىزدا بەزى ناتوغرى جايلىرى بار دېگەنلىكتۇر. ئۆگۈنۈش ئۇسلۇبىدا بەزى ناتوغرى جايلىرى بار دېگەنلىك، سۇبيېكتىۋىچىلىك بار دېگەنلىكتۇر. پارتىيە ئۇسلۇبىدا بەزى ناتوغرى جايلىرى بار دېگەنلىك، مەزھەپچىلىك بار دېگەنلىكتۇر. ئەدەبىيات ئۇسلۇبىدا بەزى ناتوغرى جايلىرى بار دېگەنلىك، پارتىيەدە باگوچىلىق بار دېگەنلىكتۇر. بۇ ناتوغرى ئۇسلۇبلارمۇ كۈزى سوققان شىمال تەرەپنىڭ سوغاق شامىلىغا ئوخشاش. ھاۋانى پۈتۈنلەي قاپلاپ كەتكىنى يوق. سۇبيېكتىۋىچىلىك، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيەدىكى باگوچىلىق ھازىر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئورۇنغا ئىگەللىگەن ئۇسلۇب ئەمەس. ئۇ ھاۋا مۇداپىئەسى ئوشۇقىيەلەن چىققان بىر تۈرلۈك خىلاف ۋە ناتوغرى ئۇسلۇبتۇر. (كولكى ئاۋازلىرى) لېكىن يامىنى پارتىيەمىزدە تېخى شۇنداق ئۇسلۇبنىڭ بولغانلىقىدۇر. بىزنىڭ بۇ ئوشۇقنى ئىتىپ تاشلىشىمىز، پۈتۈن پارتىيە بويىچە بۇ ئوشۇقنى، ئىتىش خىزمىتىنى قىلىشىمىز لازىم. پارتىيە مەكتەپىمىزنىڭمۇ بۇ خىزمەتنى قىلىشى لازىم.



سۇبيېكتىۋىچىلىك، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيەدىكى باگوچىلىقتىن ئىبارەت بۇ 3 تۈرلۈك ناتوغرى ئۇسلۇبنىڭ تارىخى مەنبەيى بار. ھازىر گەرچە ئۇ پۈتۈن پارتىيەدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەرسە بولمىسىمۇ لېكىن ئۇ دائىمى تەسىر يەتكۈزۈپ تۇرماقتا، بىزگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تەرتىپكە سالىشىمىز، ئۇنى ئوگىنىپ ئەنفرەت قىلىشىمىز، ئۇنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈشىمىز ۋە تەدقىقلاپ چىقىشىمىز زۆرۈر.

سۇبيېكتىۋىچىلىككە قارشى تۇرۇپ ئوگىنىش ئۇسلۇبىنى تەرتىپكە سېلىش، مەزھەپچىلىككە قارشى تۇرۇپ، پارتىيە ئۇسلۇبىنى تەرتىپكە سېلىش، پارتىيەدىكى باگوچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنى تەرتىپكە سېلىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز دۇر.

دۈشمىنىمىز ئۈستىدىن غالىبىيەت قازىنىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىمىز ئۈچۈن، پارتىيە ئىچىدىكى ئۇسلۇبلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىشىمىز زۆرۈر. ئوگىنىش ئۇسلۇبىمۇ پارتىيەنىڭ ئوگىنىش ئۇسلۇبىدۇر. ئەدەبىيات ئۇسلۇبىمۇ پارتىيەنىڭ ئەدەبىيات ئۇسلۇبىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ئۇسلۇبىدۇر. پەقەت پارتىيەمىزنىڭ ئۇسلۇبىنى پۈتۈنلەي توغرى قىلساق، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىز بىزگە ئەگىشىپ ئوگىنىدۇ. پارتىيە سىرتىدا بۇنداق ناچار كەيپىياتلىكى ئادەملەر بار. پەقەت ئۇلار ياخشى بولسا، بىزگە ئەگىشىپ ئوگىنىدۇ. ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تەسىر بەرگىلى بولىدۇ. پەقەت بىز كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرتىپلىك، قەدەملىرى بىردەك، جەڭچىلىرى ئوگىتىلگەن، قوراللىرى ياخشى بولسا، ئۇۋاقىتتا ھەر قانداق كۈچلۈك دۈشمەن بىز تەرەپلەن يىقىتالمايدۇ.

ھازىر مەن سۇبيېكتىۋىچىلىك ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتىمەن.

سۇبيېكتىۋىچىلىك بىر تۈرلۈك ناتوغرى ئوگىنىش ئۇسلۇبىدۇر. ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزمغا قارشىدۇر. ئۇ كوممۇنىستلار پارتىيەسى بىلەن بىرلىكتە ماۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. بىزگە زەرۇر بولغىنى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئوگىنىش ئۇسلۇبىدۇر. ئوگىنىش ئۇسلۇبى دېگەنلىك يالغۇز لا مەكتەپلەردىكى ئوگىنىش

ئۇسلۇبى بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى پۈتۈن پارتىيە دىكى ئۆگىنىش ئۇسلۇبىدۇر. رەھبەرلىك قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ پۈتۈن كادىرلارنىڭ پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەفكۇرەۋى ئۇسۇل مەسىلىسىدۇر. بىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم پوزىتسىيەسىگە مۇۋاپىق قىلىنىدىغان مەسىلىمىزدۇر. پۈتۈن پارتىيە دىكى يولداشلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيەسى مەسىلىسىدۇر. ئۇ مانا شۇنداق مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىش ئۇسلۇبى مەسىلىسى نىھايىتى مۇھىم مەسىلىدۇر. شۇڭلاشقا بىرىنچى ئورۇندىكى مۇھىم مەسىلىدۇر.

ھازىر بەزى بىر ھاماقەتلىك ئىدىيەلەر ئورغۇتلىغان ئادەملەر ئارىسىدا تارالماقتا. مەسىلەن: نەزەرىيەچى، دىگەن نىمە؟ بىلىمدار دىگەن نىمە؟ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى نىمە؟ دىگەنلەرگە ئوخشاش.

بىز ئالدى بىلەن شۇنى سوراپ باقايلى، پارتىيەمىزنىڭ نەزەرىيە دەرىجىسى زادى يۇقىرىمۇ، تۆۋەنمۇ؟ يېقىندىن بۇيان ماركسىزم-لېنىنىزم كىتابلىرى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىندى. ئۇنى ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆپەيدى. بۇ نىھايىتى ياخشى ئىش. لېكىن پارتىيەمىزنىڭ نەزەرىيە دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى دەپ ئېيتالامدۇق بولامدۇ؟ توغرى بىزنىڭ نەزەرىيە دەرىجىمىز ئۆتكەندىكىگە نىسبەتەن بىرئاز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن جۇڭگو ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ باي مەزمۇنى بويىچە ئېيتقاندا، نەزەرىيە سېپى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆز ئارا بىر يارا بەر ئۆلچەملىك ئەمەس. ئىككىسىنى سېلىشتۇرساق نەزەرىيەچە ھەتنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تۆۋەن، ئادەتتىن تاشقىرى ئارقىدا قالغانلىقى ئۇچۇق كۆرۈلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ نەزەرىيەمىز تېخى ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆز ئارا بەرابەرلەشەلمىدى. ھەرگىز نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى لازىم دىگىلى بولمايدۇ. بىز ئۇ باي ئەمەلىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تېخى ئېگىشلىك نەزەرىيە دەرىجىسىگە يەتكۈزالغىنىمىز يوق. بىز تېخى ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىيىتى توغرۇلۇق بولغان بارلىق مەسىلىلەرنى ياكى مۇھىم مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ، نەزەرىيە باسقۇچىغا چىقىرالغىنىمىز يوق. قاراپ بېقىڭلار جۇڭگو



نىڭ ئىقتىسادىنى، سىياسىتىنى، ھەربىي ئىشلىرىنى، مەدەنىيىتىنى زادى قانچىلىكچە كىشىلەر ئىجاد قىلىپ، نەزەرىيەنىڭ نەزەرىيەسى بولدى دەپ ئېيتارلىق قىلدى: ھەممە فەننى، كەيفىياتلىق، پۇختا، شەكىل ۋە مەزمۇنى تولۇق نەزەرىيە بولدى دەپ ئېيتارلىق قىلدى؟ بولۇپمۇ ئىقتىسادى نەزەرىيە جەھەتتىدە، جۇڭگو كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىغا ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇ گۈنگىچە قەدەر يۈز يىل بولدى. لېكىن تېخى جۇڭگو ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىقلاشقان ھەقىقىي فەننى نەزەرىيەلىك بىر كىتاب يېزىلىپ چىقمىدى. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى مەسىلىسىدە نەزەرىيە دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى دەپ ئېيتقىلى بولامدۇ-يوقمۇ؟ شۇنىڭلىك پارتىيەمىزدە ئىقتىسادى نەزەرىيەچىلەر باردەپ ئېيتقىلى بولامدۇ-يوقمۇ؟ ھەقىقەتەن ئېيتقىلى بولمايدۇ. بىز ئورغۇنلىغان ماركسىزم-لېنىنىزم كىتابلىرىنى ئوقۇدۇق. بۇنىڭ بىلەن نەزەرىيەچى بولدۇق دەپ ھېسابلىغىلى بولامدۇ-يوقمۇ؟ بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى: ماركسىزم-لېنىنىزم ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە ستالىنلار ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىپ ئىجاد قىلغان نەزەرىيەدۇر. تارىخى ئەمەلىيەت بىلەن ئىنقىلابى ئەمەلىيەتتىن كېلىپ چىققان ئومۇمى خۇلاسەدۇر. بىز ئەگەر پەقەتلا ئۇنى ئوقۇپ، لېكىن ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ جۇڭگونىڭ تارىخى ئەمەلىيىتى بىلەن ئىنقىلابى ئەمەلىيىتىنى تەتقىقلىمىساق، جۇڭگونىڭ ئەمەلى ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ئۆزىمىزنىڭ ئايرىم خاراكتېرلىك نەزەرىيەمىزنى ئىجاد قىلمىساق، بىز ماركسىزم نەزەرىيەچىسى بولدۇق دەپ ئېيتالمايمىز.

ئەگەر بىز ئۆزىمىز جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇرۇغلۇق جۇڭگو مەسىلىلىرىنى قاراپ تۇرۇپ كۆرمىسەك، ئىچ كۆزلە قاراپ تۇرۇپمۇ كۆرمىسەك، كۆز ئاينەك تاقىۋېلىپ قاراپمۇ كۆرمىسەك، كور گۈنىمىز پەقەت كىتاب جاۋانىدىكى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ تەييار ھۆججەتلىرىلا بولسا، ئۇچاغدا بىزنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىلىكى نەتىجەلىرىمىز خېلى ناچار بولىدۇ.

ئەگەر بىز پەقەت ماركسىزمنىڭ ئىقتىسادى فەننى ياكى فەلسەپەسىنى، يادقا ئېلىشنىلا بىلىپ، بىرىنچى بابىدىن 10- بابىغا قەدەر

ھەممىسىنى پىششىق يادلاپ ئېيتىپ بەرسىمۇ (كۆلكى ئاۋازلىرى) لېكىن
ئۇنى پۈتۈنلەي ئىشلىتەلىگىلى بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇ
نى ماركسىزم نەزەرىيەچىسى دەپ ھېسابلىغىلى بولامدۇ؟ بول
مىسا كېرەك. بۇنداق «نەزەرىيەچى» لەرنىڭ ھەقىقەتەن ئاز
راق بولغىنى ياخشى، مەسىلەن: بىر كىشى ماركس، ئېنگېلس،
لېنىن، ستالىنلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن 10 كىتابىنى ئوقۇپ چىقسۇن،
ھەر كىتابىنى مىڭ قېتىمدىن ئوقۇسۇن، ھەتتا ھەر-بىر جۈملىسىنى
يادلاپ ئالسۇن، ئۇ، يانا نەزەرىيەچى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ.
بىزگە قانداق نەزەرىيەچىلەر كېرەك؟ شۇنداق نەزەرىيەچىلەر
كېرەككى، ئۇلار ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ مەي
دانىغا قاراش نۇقتىسىغا وە ئۇسۇلىغا ئاساسلىنىپ، تارىختا
وە ئىنقىلابتا تۇغۇلغان ئەمەلى مەسىلىلەرنى توغرى چۈشەن
دۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولسۇن، جوڭگونىڭ ئىقتىسادى، سىياسى
ھەربى، مەدەنى مەسىلىلىرىنى پەننى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان
نەزەرى تۈردە ئۇختۇرۇپ بېرەلەيدىغان بولسۇن، بىزگە مانا
شۇنداق نەزەرىيەچىلەر كېرەك. ئەگەر مانا شۇنداق نەزەرىيە
چىلەردىن بولۇمەن دېسە، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ھەقىقى ماھىي
تىگە، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مەيدانىغا، قاراش نۇقتىسىغا
وە ئۇسۇلىغا توغرى چۈشىنەلەيدىغان ھەممە ئۇنىڭ بىلەن جوڭگو
نىڭ ئەمەلى مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر وە پەننى رەۋىشتە تەھلىل
قىلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنلىرىنى تېپىپ چىقالايدىغان بولۇشى
لازىم. مانا شۇنداق بولغاندا ئاندىن بىزنىڭ ھەقىقى كېرەك
قىلغان نەزەرىيەچىلىرىمىز بولىدۇ.

ھازىر مەركىزى كومىتېت يولداشلىرىمىزنى ماركسىزم -
لېنىنىزم مەيدانىنى، قاراش نۇقتىسىنى، مەفكۇرەۋى ئۇسۇ
لىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ، جوڭگونىڭ تارىخىنى، جوڭگو
نىڭ ئىقتىسادى، سىياسى، ھەربى، مەدەنى ئىشلىرىنى چىنلاپ ئەت
قىقلاپ ھەر - بىر مەسىلىنى تەكشۈرۈپ تەتقىقلەپ ئاندىن
نەزەرىيە ئىجاد قىلىشقا چاقىرىش توغرىلۇق قارار قىلدى. مانا
بۇ وەزىپىلەر بىزنىڭ ئوستىمىزگە يۈكلەندى.

پارتىيە مەكتىپىمىز ماركسىزم - لېنىنىزم ماتېرىياللىرىنى ئۇ
لۈك ھالدا ئوقۇماستىن بەلكى، [illegible]
[illegible]



ئۆزلەشتۈرۈپ ئاندىن ئىشلىتىش لازىم. ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشتىن
مەقسەت پۈتۈنلەي ئۇنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ھازىر شۇ
نىڭغا مۇۋاپىق، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى پىرسەن بىلەن ھېسابلاپ چى
قايلۇق. ئۇچاغدا 10 مىڭ كىتاب ئوقۇپ ھەربىر كىتابنى بىر
مىڭ قېتىمدىن ئوقۇپ چىقسۇن. لېكىن پۈتۈنلەي ئىشلىتەلمىگەن
بولسا، بۇنىڭغا زادى قانچە نومۇر قويۇش كېرەك؟ مېنىڭچە
بىر نومۇر قويغىلى بولمايدۇ. (كۆلكى ئاۋازلىرى) لېكىن
ئەگەر سەن ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ قاراش نۇقتىسىنى ئىش
لىتىپ، 1 - 2 ئەمەلى مەسىلىنى ئۇختۇرۇپ بېرەلىسەڭ ئو ۋا
قىت ماقتاشقا [illegible] بولىسەن؛ بىر قەدەر نەتىجە كۆرسەتكەن
بولىسەن. سېنىڭ تەرىپىڭدىن ئۇختۇرۇلغان نەرسە قانچىكە
كۆپ، قانچىكى ئومۇملاشقان، قانچىكى چوڭقۇر بولسا، سې
نىڭ نەتىجەڭمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ھازىر بىزنىڭ پارتىيە
مەكتىپىمىزمۇ بۇ قائىدىنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭ ماركسىزم -
لېنىنىزمنى ئوقۇغاندىن كېيىن جوڭگو مەسىلىسىگە قانداق
قارىغانلىقىنى، روشەن كۆرگەن وە كۆرمىگەنلىكىگە، كۆرۈش
نى بىلگەن بىلمىگەنلىكىگە قاراپ، ئەلا وە ناچارلىقىنى، ياخشى
وە يامانلىقىنى ئايرىپ چىقىش لازىم.

«زىيالىيلار» مەسىلىسىگە كەلسەك، مەملىكىتىمىز جوڭگو
بىر يېرىم مۇستەملىكە وە يېرىم فېئوداللىق مەملىكەت بولغانلىق
تىن، مەدەنىيىتى تەرەققى قىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن زىيالىيلار ناي
رىم قىممەتلىك. مەركىزى كومىتېت زىيالىيلار توغرۇلۇق كەڭ
كۆلەملىكتە زىيالىيلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پەقەتلا
ئۇلار ئىنقىلابچىلاردىن بولسا، مۇۋاپىق ئورۇنغا قاتنىشىشنى خاھ
لىسا ئومۇمەن سەمىمىيلىك بىلەن قاراش، ئىش پوزىتسىيە
سىنى تۇتۇشنى قارار قىلدى. بۇ نىھايىتى توغرى. بۇنىڭ سە
ۋەبىدىن زىيالىيلار نىھايىتى شەرەپلىك بولىدى. بىلىمسىزلەر پارا
سىز بولۇپ قالىدى. بىزنىڭ زىيالىيلارنى ھۆرمەت قىلىشىمىز پۈتۈن
لەي لازىم. ئىنقىلابچى زىيالىيلار بولمىسا، ئىنقىلاب غالىبىيەت قا
زىنالمايدۇ. لېكىن بىز شۇنى بىلىمىزكى، تۇغۇلغان زىيالى
لار بار. ئۇلار ئۆزلىرىنى نىھايىتى بىلىملىك سانايدۇ، تەكەببۇر
لىشىدۇ. ئەمما بۇنداق تەكەببۇرلۇقنىڭ يامانلىقىنى، زىيالى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئۇسقۇن بولۇدىغان
يېتىلگەنلىكىنى وە ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتنى بىلىشى لازىمكى، نۇرغۇن
لىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار بىر ھەقىقەتتە ئەڭ بىلىمسىز
لىغان زىيالى دېگەنلەرنى چۈشەنۈرساق، ئىشچى دېھقانلارنىڭ بىلىملىرى بەزەن ئۇ
لاردىن بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشى
لارغا نىسبەتەن ئارتۇغراق بولۇدۇ. قالايمىقان سۆزلىمىڭ » دەپ
ھەر: « ھەي! سەن تەتۈر » يەنە پۇلداشلار سىزلەر ئالـ
ئەيتار ( كولكە ئاۋازلىرى ) لېكىن پۇلداشلار سىزلەر
مىرىيەتچىلار مىنىڭ سۆزۈمنىڭ ئازدۇر- كوپىدۇر ئاساسى بار.
قېلىپلىغان تارتىپ بويىچە قەدەر
بىلىم دېگەن نىمە؟ ئۇلارنىڭ بىرسى ئىشلەپ چىقـ
دۇنيادا پەقەت 2 تۈرلۈك بىلىم بار.
رىش كۆرەشىنىڭ بىلىمى، بىرسى سىنىپى كۆرەش بىلىمى دەپ
ئاتىلىدۇ. ماللىي كۆرەش بىلىمى ھەم شۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.
بۇنىڭ ئىچىدە يانا قانداق بىلىم بار؟ ھېچ قانداق بىلىم يوق.
تەبىئەت فەنى وە ئىجتىمائى فەن بۇ ئىككى تۈرلۈك بىلىمنىڭ
جوھرىدۇر. فەلسەفە بولسا، تەبىئەت وە ئىجتىمائى فەنلەرنىڭ
يەكۈنى وە نەتىجەسىدۇر.

بۇلاردىن تاشقىرى يانا باشقا بىلىم يوق. بىز ھازىر بەزى
زى بىر ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ قارىساق جەمئىيەتنىڭ ئەمەلى ھەر
كەتلىرىدىن پۈتۈنلەي مۇناسىبەت ئۈزگەن مەكتەپلەردىن ئوقۇپ
چىققان ئوقۇغۇچىلارنى قارىساق، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟
بىر كىشى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ ئالى مەكتەپنى ئو
قۇپ بولغاندا، بىلىملىك ھىساپلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار بىرىنچىدىن يەر
تېرىشنى، ئىككىنچىدىن خىزمەت قىلىشنى، 3 - دىن ئۇرۇش قىلىشنى،
4- دىن ئىش باشقۇرۇشنى بىلمەيدۇ. بۇ ئىشلارنى قىلىپ باقمى
غانلىقتىن ئۇلاردا بۇ ئەمەلى بىلىملەر بىر ئازمۇ بولمايدۇ.
ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە پەقەت كىتاب ئۈستىدىكى بىلىملا بو
لۇدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى بىر تولۇق زىيالى دەپ ھىساپلىغىلى
بولامدۇ؟ مېنىڭچە ناھايىتى تەس، ئەڭ كوپ دېگەندە يېرىم
زىيالى دەپ ھىساپلىغىلى بولۇدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىلىمى تېخى
تولۇق ئەمەس. بىر قەدەر تولۇق بىلىم دېگەن نىمە؟ بارلىق
بىر قەدەر تولۇق بىلىم دېگەن 2 باسقۇچتىن تەشكىللىنىدۇ،
بىرىنچى باسقۇچى ھېسسى بىلىم، 2- باسقۇچى ئىدىيەۋى بىلىم،



ئىدىيەۋى بىلىم ھېسسى بىلىمنىڭ يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى
قىلغان باسقۇچىدۇر. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوستىدىكى بىلىمى،
قانداق بىلىم بولۇدۇ؟ ئۇلارنىڭ بىلىمىنىڭ ھەممىسىنى ھەقىقەت
دەپ پەرەز قىلساق ئۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھاسىل قىلغان بىلىم
ئەمەس بەلكى، ئولارنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئىشلەپ
چىقىرىش كۆرەشى بىلەن سىنىپى كۆرەش تەجرىبىلەردىن ئۇ
مۇمى يەكۈن چىقىرىپ يازغان نەزەرىيەلەردۇر. ئۇلارنىڭ بۇن
داق بىلىمنى قوبۇل قىلىشلىرى پۈتۈنلەي زۆرۈر. لېكىن شۇ
نى بىلىش لازىمكى، بۇنداق بىلىم ئۇلار ئۈچۈن كەينىگە بۇ
رۇلغان، تەتۈرسىگە ماڭغان وە بىر تەرەپلىمىلىك خاراكتېردە
بولۇپ، كىشىلەر تەرەپىدىن ئىسپاتلانغان، ئامما ئۇلار تەرەپىـ
دىن تېخى ئىسپاتلانمىغان بىلىمدۇر. ئۇلارنىڭ شۇنى بىلىشى كې
رەككى، بۇنداق بىلىمنى ئۆگىنىش ئانچە تەس ئەمەس.
ھەتتا ناھايىتى ئاسان دېيىش مۇمكىن. ئاشپەزنىڭ تاماق ئەتـ
كىنىدىن تەس ئەمەس، ئاشپەز - ئوتۇن، گۈرۈچ، ياغ، تۇز،
تەملەتكە، ئاچچىق سۇ ( سىركە ) قاتارلىق نەرسىلەرنى تې
شىپ يەيدىغان نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرۈدۇ. بۇ ئەلبەتتە
ئاسان ئىش ئەمەس. تاتلىغراق تاماق ئېتىش نەخچىمۇ تەس.
غەربى شىمال رېستورانى بىلەن بىزنىڭ ئويدىكى ئاشپەزنى سېلىش
تۇرساق بۇنىڭ ناھايىتى زور پەرقى بار. ئوت كۆپ يېقىلىپ قال
سا، كويۇپ كېتىدۇ. تۇزى كوپ سېلىنىپ قالسا، ئاچچىق بو
لۇپ قالىدۇ. ( كۈلكە ئاۋازلىرى ) تاماق پىشۇرۇش، سەي
قورۇش ھەقىقەتەن بىر سەنئەتتۇر. كىتاب ئۈستىدىكى بىلىم
چۇ؟ ئەگەر كىتابنى پەقەت ئوقۇيدىغان ھالدا ئولۇك بول-
سا، دېمەك، پەقەت 3 - 5 مىڭ خەت تونۇساڭ، لوغەتلەردىن
خەت ئىزلەشنى ئۆگەنسەڭ قولۇڭدا يانا قانداق بولمىسۇن
بىر كىتاب بولسا، ھۆكۈمەت ساڭا يانا يېشىڭگە تېرىۋ بەر
سە، سېنىڭ بېشىڭنى لىڭشىتىپ ئوقۇشقا كىرىشىشىڭ مۇمكىن.
كىتاب يول ماڭالمايدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۇنى خالىغاندا ئېچىپ
قىرىۋسەن ياكى يېپىپ قويۇسەن. بۇ دۇنيادا ئەڭ ئاسان باش
قۇرۇدىغان بىر ئىش، بىر ئاشپەزنىڭ غىزا پىشۇرغىنىغا قارىغا
ندا كۆپ ئاسان، ئۇنىڭ چوچقا ئۆلتۈرگىنىگە قارىغاندا تېخىمۇ

ئاسان. سەن چوچقانى تۇتماق بولساڭ، چوچقا قاچىدۇ. (كول
كى ئاۋازلىرى) ئۇنى ئۆلتۈرمەك بولساڭ، ئۇ يانا ۋاقىراي
دۇ، (كولكى ئاۋازلىرى) بىر كىتابنى ئۇستەل ئۈستىگە قو
يۇپ قويساڭ، ئۇ قاچالمايدۇ ھەم ۋاقىرالمايدۇ، (كولكى
ئاۋازلىرى) ئۇنى قانداق سەرەمجانلىساڭ شۇنداق سەرەمجان
لاش مۇمكىن. دۇنيادا نەدە بۇنداق ئاسان باشقۇرغىلى بولو
دىغان ئىش بار! شۇڭلۇق ئۈچۈن مەن پەقەت كىتاب ئۈستىدىلا
بىلىمى بولۇپ، ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچراشمىغان ياكى ئەمەلى
تەجرىبىسى ئاز بولغان كىشىلەرنى نەسىھەتلەپ ئۆتىمەن. ئۇ
لار ئۆز كەمچىلىكلىرىنى چۈشۈنۈشلىرى، ئۆز پوزىتسىيەلىرىنى
بىر ئاز تۆبەن تۇتۇشلىرى لازىم.

بۇرۇم زىيالىيلارنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئىشچى جىسمىگە
مۇۋاپىق ھەقىقى زىيالىيلارغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ
بىردىن - بىر ئۇسۇلى، پەقەت بارلىق كىتاب ئۈستىدە بىلىمى بار
كىشىلەرنى ئەمەلى خىزمەتكە قايتۇرۇپ، ئەمەلى خىزمەتچىلەرگە
ئۆزگەرتكەندىلا، ھەمدە نەزەرىيە خىزمىتىدىكى كىشىلەرنى ئە
مەلىيەتنى تەدقىقلاشقا قايتۇرغاندىلا شۇنىڭ بىلەن مەقسەتكە
يەتكىلى بولىدۇ.

مېنىڭ بۇنداق دەپ ئېيتىشىمغا بەزى كىشىلەرنىڭ ئاچچىقى
كېلىپ ئۇلارنىڭ: «سېنىڭ بۇنداق چۈشەندۈرۈشىڭگە قا
رىغاندا، ئۇچاغدا ماركسمۇ بۇرۇم زىيالى بولىدىغۇ» دەپ
ئېيتىشى مۇمكىن. مەن ئۇلارغا شۇنى ئېيتىمەنكى: توغرى،
ماركس بىرىنچىدىن چوچقا ئۆلتۈرۈشنى بىلمەيتتى، ئىككىنچىدىن
يەر تېرىشنى بىلمەيتتى. لېكىن ئۇ ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرگە
قاتناشتى، يانا ئاۋارنى تەدقىقلاپ چىقتى. بۇ ئاۋار دېگەن نەر
سىنى بىر نەچچە مىليون كىشى، كۈندە كۆرۈپ لازىم قىلىپ تۇ
رىدىغان نەرسىسى ئىدىيۇ، لېكىن ئۇنى قاراپ تۇرۇپ كۆر
مىگەن ئىدى. پەقەت ماركسلا ئۇنى تەدقىقلاپ چىقتى. ئۇ
ئاۋارنى ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنداقمۇ قارىدى، مۇنداقمۇ قارىدى.
بىزنىڭ ئىتتىپاق كوممۇنىستلار پارتىيە تارىخىنى ئېتىبارسىز ئو
قۇغىنىمىزدەك ئىش قىلمىدى. ئۇ ئاۋارنىڭ ئەمەلى تەرەققىياتى-
نى تەھلىل قىلىش خىزمىتىنى ئۆتەپ ئۆمۈمى، ماۋجۇدىيەتتىن



نەزەرىيە تاپتى. ئۇ تەبىئەتنى، تارىخنى، پرولېتارىيات ئىنقىلا
بىنى تەدقىقلەپ، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمنى، تارىخى ماتېرى
يالىزمنى ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ نەزەرىيەسىنى ئىجاد
قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ماركس بىر تولۇق زىيالىيلاردىن بولدى.
ئۇنىڭ يېرىم زىيالىيلاردىن پەرقى بار. ئۇ ئەمەلى ئىنقىلابى
ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى. ئەمەلىيادا قايتىپ تەكشۈرۈش ۋە
تەدقىقلەش ئىشلىرىنى قىلىپ، ھەربىر نەرسىنى يەكۈنلەپ چىقتى.
بۇنداق يەكۈنلىگەن بىلىم - نەزەرىيە دەپ ئاتىلىدۇ. پارتىيەمىز
دە ئورۇنلىغان يولداشلارنىڭ مانا شۇنداق خىزمەتلەرنى قىلىشى
زەرۇر. پارتىيەمىزدە ھازىر ئورۇنلىغان يولداشلار بۇنداق نە
زەرىيەنى تەدقىقلەش خىزمىتىنى قىلالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلى
كى زېرەك ۋە ئىقتىدارلىق كىشىلەردۇر. بىزنىڭ بۇ يولداشلار
نى قىممەتلىك بىلىشىمىز ۋە قەدىرلىشىمىز لازىم. لېكىن ئۇلارنىڭ
يولى توغرى بولۇشى ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنى يانا تەك-
رارلىماسلىقلىرى لازىم. ھەمدە دوگماچىلىقنى تاشلاشلىرى تەييار
كىتابلار ئۈستىدىلا توختىلىپ قالماسلىقلىرى زەرۇر.

ھەقىقى نەزەرىيە دۇنيادا پەقەت بىرلا، ئۇ، ئوبيېكتىپ ئە
مەلىيەتتىن كېلىپ چىققان ھەمدە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن
ئىسپاتلانغان نەزەرىيەدۇر. باشقا ھەر قانداق نەرسە بىز ئېيت
قان نەزەرىيە بولالمايدۇ. ستالىن: ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان
نەزەرىيە قۇرۇق نەزەرىيە بولىدۇ دەپ ئېيتىپ ئۆتكەنىدى.
قۇرۇق نەزەرىيە، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ناتوغرى نەزەرىيە
دۇر. ئۇنى تاشلاش لازىم. بۇنداق قۇرۇق نەزەرىيەنى سۆز
لەشنى ياخشى كۆرگۈچىلەرگە قولنى دېيىپ يۈزىنى قىزارتىش
لازىم. ماركسىزم - لېنىنىزم ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن تۇغۇلغان ۋە
ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن ئىسپاتلانغان
ئەڭ توغرى ئەڭ پەننى ۋە ئەڭ ئىنقىلابى ھەقىقەتتۇر. لېكىن
ئورۇنلىغان ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئۆلۈك
ھالدىكى دوگما دەپ قارايدۇ. بۇنداق قىلىش نەزەرىيەنىڭ تە
رەققى قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىق، ئۆزىگە ھەم يولداش
لىرىغا زەرەر يەتكۈزگەنلىك بولىدۇ.

2- جەمئىيەتتە ئەمەلى خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان يول باشچىلىرىمىز ئەگەر ئۆز تەجرىبىلىرىنى خاتا ئۆلچەپ قويسىمۇ ئۇنىڭدىن كامچىلىق تۇغۇلۇپ قويىدۇ. توغرى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرى ناھايىتى ئورغۇن. ئۇلارنى قەدىرلىسە بولىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئۇ، تەجرىبىلىرى بىلەن قانائەتلەنسە، ئۇمۇ ناھايىتى خوپلىكتۇر. ئۇلارنىڭ شۇنى بىلىشى كېرەككى ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى، بىر ھېسسىياتقا ياكى قىسمەنلىككە يان باسقان ئېمپىرىكى ئاز بىلىم وە ئومۇمى بىلىمدۇر. يەنى نەزەرىيەسى كامچىل بولغاچقا ئۇلارنىڭ بىلىمىمۇ بىر قەدەر تولۇق ئەمەس. ئىنقىلابنى ياخشى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بىر قەدەر تولۇق بىلىم بولماي مۇمكىن ئەمەس.

بۇنىڭدىن قارىغاندا تولۇق بولمىغان 2 تۈرلۈك بىلىم بار. بىر تۈرلۈكى تەييار كىتاب ئوقۇشتىكى بىلىم، مەيلى ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزم بولسۇن ئۇلىمۇ قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قويۇشى مۇمكىن. يانا بىر تۈرلۈكى بىر تەرەپلىمىلىك ھېسسىياتقا وە قىسمەنلىككە يان باسقان بىلىم، ئۇ، رىۋاجلانغان ئېمپىرىكى وە ئومۇمى بولغان نەرسە ئەمەس. بۇنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك خاراكتېردە، پەقەت ئىككىسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن بىر قەدەر تولۇق وە ياخشى نەرسىنى وۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

لېكىن بىزنىڭ ئىشچى دېھقان كادىرلىرىمىز نەزەرىيە ئۆگىنىمىز دېسە، ئەڭ ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشلىرى زۆرۈر. مەدەنىيەتنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. مەدەنىيەتنى ياخشى ئۆگەنسە، خالىغان واقىتتا ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. مەن ياش واقتىمدا ھېچ قانداق ماركسىزم-لېنىنىزم مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغىنىم يوق. مېنىڭ ئۆگەنگىنىم «كۇڭفۇزى ئېيتقان ئۆگەنگەن نەرسىنى دائىم مەشق قىلىش خۇشاللىق ئەمەسمۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. (كۇڭفۇزىنىڭ ئاۋازلىرى) مەن شۇ يەردە ئوقۇپ خەت تونۇدۇم. مەسىلەن: «ئۆگىنىش» دېگەن سۆز ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بۇ سۆز بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگەندىم.



ھالبۇكى ھازىر بىر كۇڭفۇزىنى ئۆگەنمەي، ئۆگەنگەنلىرىم ساپ ئانا تىل، تارىخ، جۇغرافىيە، ھەمدە تەبىئەت بىلىملىرى بولدى. بۇ مەدەنىيەتلەرنى ياخشى ئۆگەنسەڭ ھەممە يەردە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. پارتىيەمىزنىڭ مەركىزى كومىتېتى ھازىر ئىشچى دېھقان كادىرلىرىنى مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشنى قۇۋۋەتلىمەكتە. چۈنكى مەدەنىيەتنى ئۆگەنگەندىن كېيىن سىياسى، ھەربى، ئىقتىسادى ئىشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ ئالالى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغاندا ئىشچى—دېھقان كادىرلىرى گەرچە تەجرىبىگە باي بولسىمۇ نەزەرىيەگە ئۆسۈپ چىقىشىنىڭ ئىمكانىيەتى بولمايدۇ.

بۇ جەھەتتىن قارىغاندا بىزنىڭ سۇبيېكتىپچىلىككە قارشى تۇرۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان 2 تۈرلۈك كىشىلەرنى، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىدە كامچىل بولغان نەرسىلەرنى تولۇقلاشقا قاراپ تەرەققى قىلدۇرۇشىمىز زۆرۈر. بۇ 2 تۈرلۈك كىشىلەرنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، كىتاب ئوقۇشتىكى بىلىمى بارلارنى ئەمەلىيەت تەرىپىگە قاراپ تەرەققى قىلدۇرۇشىمىز زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندا ئۇلار كىتاب ئوقۇشتا توختاپ قالمايدۇ. دوگماچىلىق خاتالىقىغا گىرىپتار بولمايدۇ. خىزمەت تەجرىبىسى، بار كىشىلەر نەزەرىيە جەھەتتىنى ئۆگىنىپ، كىتابنى چىڭ تۇتۇپ ئوقۇسا، ئاندىن تەجرىبىسىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ وە يەكۈنلەشتۈرۈپ نەزەرىيەگە ئۆستۈرەلەيدۇ. ئاندىن قىسمەن تەجرىبىنى ئومۇملاشقان ھەقىقەت دەپ خاتا تونۇمايدىغان بولىدۇ. ھەمدە تەجرىبىچىلىك خاتالىقىغا گىرىپتار بولمايدۇ. دوگماچىلىق ھەم تەجرىبىچىلىكلەرنىڭ ھەر ئىككىسىلا سۇبيېكتىپچىلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان 2 تەرەپتىن پەيدا بولغان نەرسىلەردۇر.

بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيەمىزدە 2 تۈرلۈك سۇبيېكتىپچىلىك بار: بىر تۈرلۈكى دوگماچىلىق، يانا بىر تۈرلۈكى، تەجرىبىچىلىكتۇر. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پەقەت بىرلا جەھەتنى كۆرۈپ، ئومۇمى جەھەتنى كۆرەلمەيدۇ. ئەگەر دىققەت قىلمىغاندا، ئەگەر بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك خاراكتېرىدىكى كامچىلىقنى يېڭىگەندە، ھەمدە مۇنى تىرىشىپ تۈزەتمىگەندە، ئۇ چاغدا ناھايىتى ئاسانلا خاتا يولغا كىرىپ قالىدۇ.

ليكن بو 2 تورلوك سوبيكتيوچىلىكنىڭ هازىر پارتيەمىزدە
ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى ئاساسەن دوگماچىلقدىر. چونكى؛ دوگ
ماچىلىق، قىياپتىنى ئاساسلا ماركس، ئىنگيلاس، لىنىن، ئىستالين،
لەرچە ياساپ ئېلىپ، ئىشچى - دىهقان كادىرلىرىنى قورقوتودو.
نادان بىلمەسلەرنى ئەسىر قلىپ پوتونلەي ئوزلىرىنىڭ خىزمەتچىلى
رى قلىپ ئالودو. ئىشچى - دىهقان كادىرلىرى ئولارنىڭ قىياپەتى
لىرىنى ئاسان تونويالمايدو. شونىڭدەك ساپ نىيەتلىك ياشلارنى
مو ئەسىر قلىپ ئالودو. بز ئەگەر دوگماچىلقنى يەڭسەك،
كتاب ئوستىدە بلمى بار كادىرلارنى تەجرىبىلىك كادىرلار
بىلەن ئوز ئارا برلىشىشنى خالايدىغان قلغىلى، ئەمەلىيەتنى بىلىدىغان
دەرسلەرنى تەدقىق قلىشنى خالايدىغان قلغىلى بولودو. شون
داق قلغاندا نەزەرىيە بىلەن تەجرىبىلىرىنى بىرلەشتورگەن
نورغونلىغان ياخشى خىزمەتچىلەر و، نورغونلىغان هەقىقى نەزە
رىيەچىلەر ووجودقا كېلىدو. بز ئەگەر دوگماچىلقنى يەڭسەك
تەجرىبىلىك يولداشلارنى ياخشى ئوستازلارغا ئوگەنە قلىپ تەج
رىبىلىك يولداشلارنى تەجرىبىچىلىك خاتالىقىدىن ساقلاپ نەزە
رىيەگە ئوستورەلەيمز.

«نەزەرىيەچىلەر» وە «زىيالىيلار» دىگەن 2 تورلوك
هاماقەتلىك ئىدىيەدىن باشقا، يانا هەر كونى «يادلايدىغان»
نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ موناسىۋىتى دىگەن سوز بار. ئو
مو نورغونلىغان يولداشلار ئارىسىدىكى هاماقەتلىك بر ئىدىيە
دور. ئولار هەر كون «نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى باغلاش
تۇروش»نى سوزلەيدو. ئەمەلىيەتتە «ئاجرىشىش»نى سوز
لەيدو. چونكى ئولار باغلاشتۇرمايدو. ماركسىزم-لىنىنىزم
نەزەرىيەسى بىلەن جوڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيتى قانداق قلىپ
ئوز ئارا باغلىنىشىدو؟ ئونى ئادەتتىكى سوز بىلەن ئىتقاند
دا: ئو «مەقسەتلىك ئوقيا ئىتىش» دىگەنلىكتور، ئوقيا ئوق
دور. مەقسەت نىشانىدور. ئوقيانى ئاتقاندا نىشانىنى كوزلەش
لازىم. ماركسىزم-لىنىنىزم بىلەن جوڭگو ئىنقىلابىنىڭ موناسىۋىتى
ئوقيا بىلەن نىشانىنىڭ موناسىۋىتىدور. بەزى يولداشلار قالاي
مىقان «مەقسەتسىز ئوقيا ئاتىدو» بونداق ئادەملەر ئىنقىلابنىڭ ئاساننلا
بوزوپ قويودو. بەزى يولداشلار پەقەت ئوقيانى قولىغا ئىلىپ



ئىرى-بىرى ئوگولاپ ياخشى ئوقيا ئىكەن، ياخشى ئوقيا ئى
كەن دەپ ماختاپلا هېچ بر ئاتقىلى ئونىمايدو. بونداق كىشى
لەر قىلىدىغان قىياسار ئەيتقىلەرنى تاماشا قىلىپ، لەززەت ئالغوچى
لار دور. ئولار ئىنقىلاپ بىلەن موناسىۋەت پەيدا قىلالمايقالو
دو. ماركسىزم-لىنىنىزم ئوقياسىنى جوڭگو ئىنقىلابىغا ئىتىش
نى مەقسەت قلىپ ئىشلىتىش لازىم. ئانداق بولمىغاندا ماركسى
زم-لىنىنىزمنى ئوگونوشىمىزنىڭ نىمە لازىمى بار؟ ياكى ئى
گەن تىرىكىمىزنى سىڭدورالماي قىلىپ ئونى سىڭدوروش ئو
چون ئوقويمىزمو؟ پارتىيە مەكتىپىمىز نىمە ئوچون ماركسىزم-
لىنىنىزمنى ئوگونوشنى بەلگولىدى؟ بو مەسىلىنى چوشەن
دوروپ بەرمىگەندە پارتىيەمىزنىڭ نەزەرىيە دەرىجىسى ئەبەدى
يوقورى كوتورولمەيدو. جوڭگو ئىنقىلابىمو ئەبەدى غالىب
يەت قازىنالمايدو.

يولداشلىرىمىزنىڭ شونى بىلىشى لازىمكى، بزنىڭ ماركسىزم-
لىنىنىزمنى ئوگونوشىمىز ياخشى كورونوش ئەمەس. ياشونىڭ
دەك ئوئولوك خودىدىبر راهىبىنىڭ ماوسەن تاغىغا بېرىپ يسىهر
ئوگەنىسە جين-شايىتانلارنى ئوزىگە بوي سوندورغىنىدەك سىر
لىق بولغانلىغى ئوچون ئەمەس. ئونىڭدا هېچ قانداق ياخشى
كورونوشمو يوق. هېچ قانداق سىرلىق ئىشمو يوق. بونىڭ
پەقەت ناهايتى زەروريتى بار. تا هازىرغىچە نورغونلىغان كى
شىلەر ماركسىزم-لىنىنىزمنى هەممە دەرتكە داۋا بولىدىغان تەي
يار دورا قاراپ، پەقەت ئونى قولغا كەلتورسە هېچ بر كوچ
سەرف قىلماستىن بارلىق ئاغرىقلارنى داۋالاشنى ئوستىگە ئال
غىلى بولودو دىگەنلىدەك قىلىدو. بو بر تورلوك بالىلىق ناداتلىق
دور. ئولارنىڭ زىهنىنى ئىچىش هەركىتىنى ئىلىپ برىشىمىز لازىم.
ماركسىزم - لىنىنىزمنى دىنى دوگما قلىپ قارىغوچى كىشىلەر
مانا شونداق نادان وە بىلمەسىز ئادەملەر دور. بونداق كىشىلەرگە
توغرى ئېيتىش كېرەككى، سىنىڭ دوگماچىلىقىڭنىڭ هېچ بر كې
رىگى يوق. خاتىر قلماي ئىتقاندا هەقىقەتتە تىزەك چىلىكمو
كېرىگى يوق. قاراپ باقايلوق، ئىت تىزىگى بىلەن ئېتىزغا كوچ
بەرگىلى، ئادەم تىزىگى بىلەن ئىت باققىلى بولودو. دوگما
چىلقچو؟ ئېتىزغىمو كوچ بولالمايدو ئىتكىمو تاماق بولالمايدو.

ئۇنۇڭ نىمە كېرىكى بار ؟ ( كۈلكە ئاۋازلىرى ) بولداش-
لار! شۇنى بىلىڭلەركى، مېنىڭ موللاق دېيىشىمدىن مەقسىتىم ماركسىزم - لېنىنىزمنى دوگما قىلىپ قارىغۇچى كىشىلەرگە قەستەن جىنىغا تېگىپ، ئۇلارنى چوچۇتۇپ، ئويغىتىپ ماركسىزم - لېنىنىزمغا توغرى پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىشـدۇر. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار تەكرارەن ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدى. بىزنىڭ تەلىماتىمىز دوگما ئەمەس. بەلكى ھەرىكەت قىبلىنامىسىدۇر. بۇ كىشىلەر، بۇ ئەڭ مۇھىم سۆزنى قەستەن دىگەندەك خاتىرىلىرىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. جوڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مەيدانىنى، قاراشىنى ۋە ئۇسۇلىنى جوڭگوغا ئىشلىتىپ، جوڭگونىڭ تارىخى ئەمەلىيىتى بىلەن ئىنقىلابى ئەمەلىيىتىنى توغرى تەدقىقلەش ھەر يانىدا نەزەرىيە ئىجاد قىلالىسىلا ئاندىن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆز ئارا باغلاشتۇرۇدۇ - دەپ ئەيتقىلى بولىدۇ. ئەگەر پەقەت ئېغىزدىلا باغلاشتۇرۇشنى سۆزلەپ، ھەرىكىتىدە باغلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسا، ئۇچاغدا، ئۇنى يۈز يىل سۆزلىگەن بىلەنمۇ پايدىسى يوق. سۇبيېكتىپچىلىكنىڭ مەسىلىنى بىر تەرەپلىمىلىك قاراشقا قارشى تۇرۇپ، دوگماچىلىكنىڭ سۇبيېكتىپچىلىكى بىلەن بىر تەرەپلىمىچىلىكىنى ئار-مار قىلىشىمىز لازىم.

سۇبيېكتىپچىلىككە قارشى تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئۇگۇنۇش ئۇسلۇبىنى تەرتىپكە سېلىش توغرۇلۇق، بۈگۈن سۆزلىگەنلىرىم مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. ھازىر مەزھەپچىلىك مەسىلىسىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

20 يىللىق تاۋلىنىش نەتىجىسىدە ھازىر پارتىيەمىزدە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مەزھەپچىلىك يوق بولسىمۇ، لېكىن مەزھەپچىلىكنىڭ قالدۇقلىرى ماۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. پارتىيە ئىچىگە قارىتا مەزھەپچىلىكنىڭ قالدۇقلىرى بولغاندەك پارتىيە سىرتىغا قارىتىلغان مەزھەپچىلىكنىڭ قالدۇقلىرى بار. ئىچكى تەرەپكە قاراتا بولغان مەزھەپچىلىك خاھىشى ئىچكى بەكلىمەچىلىكنى تۇغدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. تاشقى تەرەپكە قارىتا بولغان مەزھەپچىلىك خاھىشى تاشقى بەكلىمەچىلىكنى تۇغدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى



ئىتتىپاق قىلىدىغان ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ ئىككى جەھەتتىكى ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇۋەتكەندىلا ئاندىن پارتىيەنى، يولداشلارنى ئىتتىپاق قىلىش ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاق قىلىش بۈيۈك ئىشلىرىدا ھىچ بىر توسقۇنلۇقسىز ماڭىدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

پارتىيە ئىچىدىكى مەزھەپچىلىكنىڭ قالدۇقلىرى نىمىلەر؟ ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچىسى مۇستەقىلچىلىكنى تالىشىشتۇر. بىر بۆلۈك يولداشلار پەقەت قىسمەن مەنپەئەتىنى كۆرۈپلا، ئومومنىڭ مەنپەئەتىنى كۆرمەيدۇ. ئۇلار ئومومەن ناموۋاپىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرغان قىسمەن خىزمەتلىرىنى ئايرىم تۇردە قۇۋۋەتلەپ، ئومومنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزلىرىنىڭ قىسمەن مەنپەئەتلىرىگە بويسۇنۇشنى ئۈمىت قىلىدۇ. ئۇلار پارتىيەنىڭ خەلقچىلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى چۈشۈنمەيدۇ. ئۇلار كوممۇنىستلار پارتىيەسىگە يالغۇزلا خەلقچىلىق لازىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكىمۇ مەركەزلىشىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار، ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلارغا، تۆۋەن دەرىجىلەر يۇقىرى دەرىجىلەرگە، قىسمەن ئىشلار ئومومىي ئىشلارغا، پۈتۈن پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ خەلقچىلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى خاتىرىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. جاڭ گوتاۋ مەركىزى كومىتېتقا قارىتا مۇستەقىلچىلىك تالىشىدا ئىدى. تالاش نەتىجىسى پارتىيەگە خىلاپلىق قىلىشقا يەتكۈزۈپ، ئاخىرى ئىشپىيون بولۇپ كەتتى. لى لى سەن ھەم كومىتېرنىگە قارىتا مۇستەقىلچىلىك تالىشىشنى قىلغان ئىدى. نەتىجىدە لى لى سەن يولىنىڭ خاتالىقىغا گرىفتار بولدى. ھازىر سۆزلىگەنلىرىم، گەرچە جاڭ گوتاۋ ھەم لى لى سەنلەرگە ئوخشاش ئەڭ ئۇچىغا چىققان قاتتىق مەزھەپچىلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن يولداق ھادىسىلەردىن ساقلىنىشى ۋە ئۇلاردا بىرلەشمىگەن ھادىسىلەرنى يوقىتىش زۆرۈر. ئومۇمى ۋەزىيەتنى ئېتىبارغا ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغاندا، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ھەر بىر قىسمەن خىزمەتلىرى ھەر بىر سۆزلىگەن سۆزلىرىدە ۋە ماقالىلىرىدە ياكى ھەرىكەتلىرىدە، پۈتۈن

پارتىيە مەنپەئەتىنى چىقىش نوقتىسى قىلىش لازىم. بۇ پرىنسىپ-
قا خىلاپلىق قىلىشقا مۇتلەق رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

مۇنداق مۇستەقىللىكنى تالاشقان كىشىلەر، دائىم ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇندا كۆرگۈچىلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. ئۆزى بىلەن پارتىيەنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە، دائىم خاتالىشىدۇ. ئۇلار ئېغىزلىرىدا گەرچە پارتىيەگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى سۆزلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلدە ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇپ، پارتىيەنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. يولداش ليۇشاۋچى ئەيىپ ئۆتكەن ئىدى، بىر خىل كىشىلەر بار، قوللىرى ئاناھايىتى ئۇزۇن ئۆز شەخسىي ئۈچۈن ھېسابلىشىشنى ياخشى بىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ۋە پۈتۈن پارتىيەنىڭ مەنپەئەتىگە كەلگەندىچۇ؟ ئۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل قويمايدۇ. «مېنىڭكى - ئۆ-ۋە مېنىڭكى، سېنىڭكىمۇ- مېنىڭكى» دەيدۇ. (قاتتىق كۈلۈشمەك) بۇ خىل كىشىلەر نېمەنى تالىشىدۇ؟ ئابروي تالىشىدۇ، ئورۇن تالىشىدۇ ۋە ئۆز ئارتۇقلىقى بىلەن ماختىنىشقا تالىشىدۇ. ئۇلار بىر بۆلۈك خىزمەتنى ئىگىلەپ باشقۇرغاندا، مۇستەقىللىك تالىشىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بىر قانچە كىشىلەرنى يەكلەيدۇ. يولداشلار ئوتتۇرىسىدا خاتا قىلغانلار بولسا، بىرلىشىپ بىر- بىرىنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ ئاشكارا قىلمايدۇ. بۇرژۇئازىيە سىياسىي پارتىيەسىنىڭ ئەخمەقانە ئۇسلۇبىنى كوممۇنىستلار پارتىيەسىگە كۆچۈرۈپ كىرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر توغرى بولمىغانلىقىدىن زىيان تارتىدۇ. مېنىڭچە بىزنىڭ توپ- توغرى ئىشلىشىمىز لازىم؛ دۇنيادا بىر نەچچە ئىشنى باشقۇرۇپ ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئاساسى توغرى پوزىتسىيەنى تونۇمىغىچە مۇمكىن بولمايدۇ. توغرى كىشىلەر كىملەر؟ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار ھەم پەن ئالىملىرى توغرى ئادەملەردۇر. ناتوغرى كىشىلەر كىملەر؟ تروتسكىي، بۇخارىن، چاڭ گوتاۋلار چوڭ ناتوغرى ئادەملەردۇر. لى لى سەن ھەم ناتوغرى ئادەم. خۇسۇسىي مەنپەئەتنى ۋە قىسمەن مەنپەئەت ئۈچۈن مۇستەقىللىك تالاشقان كىشىلەر ھەم ناتوغرى ئادەملەردۇر. بارلىق ھىيلىگەر ئادەملەر، ھەممىسى پوزىتسىيە بويىچە ئىش باشقۇرالمايدىغان كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ ئەينىي ئاپقان.



ئۆزىنى ئاھايىتى زىرەك دەپ ھېسابلايدۇ. ھەقىقەتتە ئۇلار ئاھايىتى ئەخمەق ئادەملەردۇر، نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. پارتىيە مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ مەسىلىگە چوڭقۇر دىققەت قىلىشى كېرەك، بىز چوڭقۇر مەركەزلەشكەن ۋە بىرلەشكەن بىر پارتىيە قۇرۇشقا تىرىشىشىمىز، بارلىق پرىنسىپسىز گۇرۇھۋازلىق كۈرەشلەردىن پاك - پاكىزە ئايرىلىشىمىز لازىم. پۈتۈن پارتىيەمىزنىڭ قەدىمىنى بىر قىلىپ، ئومۇمىي بىر نىشانە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بىز شەخسىيەتچىلىككە ۋە مەزھەپچىلىككە مۇقەررەر قارشى تۇرىمىز.

تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلارنىڭ مۇناسىۋەتىدە ئىتتىپاقلىشىپ مەزھەپچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇشى لازىم. چۈنكى: ياپونغا قارشى نۇرغۇنلىغان بازىلار، 8- ۋە يېڭى 4- ئارمىيەلەر بارغاندىن كېيىنلا بارلىققا كەلتۈرۈلدى. نۇرغۇنلىغان يەرلىك خىزمەتلەر تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار بارغاندىن كېيىنلا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ناھايىتى ياخشى دىققەت قىلىش لازىم. بۇنداق شەرتتە يولداشلىرىمىزنىڭ شۇنى بىلىشى لازىمكى، پەقەت تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلار پۈتۈنلەي بىر ئىتتىپاق بولغاندا، پەقەت يەرلىك كادىرلار نۇرغۇن مىقداردا ئۆسۈپ يېتىشكەندە ھەممە دەرىجىلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە ئاندىن بازىلار مۇستەھكەملىنىدۇ، پارتىيەمىز بازىلاردا يىلتىز يايالايدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا مۇمكىن بولمايدۇ. تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلارنىڭ ھەر قايسىسىدا ئارتۇقلۇق ۋە كەمچىلىكلىرى بار. ئۆز ئارا ئارتۇقلۇقلىرىنى ئۆستۈرۈپ كەمچىلىكلىرىنى يوقىتىش زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا ئالغا باسقىلى بولىدۇ. تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار يەرلىك كادىرلارغا قارىغاندا، ئەھۋالغا چۈشىنىشى ۋە ئامما بىلەن بولغان ھەتتا ئەردىن مۇناسىۋەت باغلاش ئىشلىرىدا ئومۇمەن پەرقلىق بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئەلەپ ئىتسام مانا شۇنداق.

مېنىڭ شىمالىي شەنشىگە كەلگىنىمگە 5 - 6 يىل بولدى، ئەمما شىمالىي شەنشىنىڭ ئەھۋالى ۋە خەلقى بىلەن ئالاقە باغ-

...لاش ئىشلىرى توغرىلىق، يولداش گاۋگاڭغا نىسبەتەن پەرقلىق بەرلىرىم كوپ. مەيلى ھەر قانداق تەكشۈرۈش ۋە تەدقىقلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارسامۇ، شىمالىي شەنشىنىڭ كادىرلىرىغا قارىغاندا، ئومۇمەن پەرقلىنىدۇ. سەنشى، خېبى، سەنتۇڭ ۋە باشقا ياپونغا قارشى بازىلارغا بارغان يولداشلىرىمىزنىڭ بۇ مەسىلىگە چوقۇم دىققەت قىلىشلىرى لازىم. يالغۇزلا ئۇنداق ئەمەس، بىر بازىنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئالساق، بازىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەربىر رايوننىڭ تەرەققىيات جەھەتتىن ئالدىن كېيىن پەرقى بولغانلىقتەك، كادىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ تاشقىرىدىن كەلگەن ۋە يەرلىك كادىرلىق پەرقى بولىدۇ. بىر قەدەر ئالغا باسقان رايونلارنىڭ كادىرلىرى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان رايونلارغا بارسا ئۇلارمۇ شۇ يەرگە تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يەرلىك كادىرلارغا يار-يۆلەك بولۇش مەسىلىسىگە تولۇق دىققەت قىلىشلىرى لازىم.

ئومۇمىي ئەھۋال بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئومۇمەن تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان جايلاردا، ئەگەر يەرلىك كادىرلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلالمىسا، ئۇچاغدا مەسئۇلىيەت ئاساسەن تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار ئۈستىگە چۈشىدۇ. ئاساسىي رەھبەرلىك قىلغۇچى يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ زورىيىدۇ. ھازىر بۇ مەسىلە توغرىلىق دىققەت قىلىش ئىشلىرى تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بەزى كىشىلەر يەرلىك كادىرلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، يەرلىك كادىرلارنى ماسقىرىتىدۇ. ئۇلار: «يەرلىك كادىرلار نېمىنى بىلىدۇ، نادان - بىلىمسىزلەر» دەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر يەرلىك كادىرلارنىڭ ئەھمىيىتىنى پۈتۈنلەي بىلمەيدۇ. يەرلىك كادىرلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناتوغرا بولغان مەزھەپچىلىك پوزىتسىيەسىنى قوللىنىدۇ. بارلىق تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلارنىڭ يەرلىك كادىرلارنى چوقۇم سۆيۈشى، ئۇلارغا دائىم ياردەم قىلىشى، ئۇلارنى ماسقارىلىماسلىقى ۋە ئۇلارغا زەربە بەرمەسلىكى لازىم. تەبىئىي، يەرلىك كادىرلارمۇ تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشى، نامۇۋاپىق تار دائىرىلىك نۇقتىئى



نەزەرلىرىنى تاشلاپ، تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار بىلەن ئايرىمچىلىق قىلماي، ئۇلار بىلەن پۈتۈنلەي بىرلىشىپ مەزھەپچىلىك خاھىشىدىن ساقلىنىشى لازىم.

ھەربىي خىزمەت كادىرلىرى بىلەن يەرلىك خىزمەت كادىرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ پۈتۈنلەي بىر ئىتتىپاق بولۇپ، مەزھەپچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇشى لازىم. ھەربىي كادىرلارنىڭ يەرلىك كادىرلارغا ياردەم قىلىشى، يەرلىك كادىرلارنىڭمۇ ھەربىي كادىرلارغا ياردەم قىلىشى لازىم. ئەگەر تالاش-تارتىشلار بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز-ئارا ئەپۇ قىلىشىپ، ھەر قايسىسى توغرىلىق بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش لازىم. ھەربىي كادىرلار ئەمەلدە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئورۇندا تۇرىدۇ. ئومۇمىي ئەھۋالدا ئەگەر يەرلىك كادىرلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىيالمىسا، ئۇ چاغدا مۇھىم مەسئۇلىيەت ھەربىي كادىرلار ئۈستىگە چۈشىدۇ. بۇ ھەم ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. ھەربىي كادىرلار ئالدى بىلەن ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى بىلىپ تاۋازۇلۇق پوزىتسىيەدە تۇرۇپ يەرلىك كادىرلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بازىلارنىڭ ئۇرۇش خىزمەتلىرىنى ۋە قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىش شەرتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

بىر قانچە بولۇك ھەربىي قوشۇنلارنىڭ، بىر قانچە جايلارنىڭ ۋە بىر قانچە خىزمەت بۆلۈملىرىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ مانا شۇنداق بولىدۇ، پەقەت ئۆزىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، باشقىلارنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان ئۆزەمچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇش لازىم. كادىر سورىسا بەرمەيدىغان ياكى ناچارلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان، ئۆز پايدىسىنى ئويلاپ، كىشى بىلەن كارى بولماسلىق، باشقا بۆلۈملەرنى، باشقا جايلارنى ۋە باشقا كىشىلەرنى قايغۇرۇپمۇ قويماسلىق - ئۆزەمچىلىك بولىدۇ. بۇ كوممۇنىزم روھىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقتۇر. ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بەرمەسلىك، باشقا بۆلۈملەرگە، باشقا جايلارغا ۋە باشقا كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلماسلىق، مانا شۇنداق ئۆزەمچىلىكنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىدۇر. بۇنداق كىشىلەرنى قاتتىق تەربىيەلەپ، ئۇلارنى مانا بۇ

بىرخىل مەزھەپچىلىك خاھىشى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇ شۇنداق تەرەققىي قىلىپ كەتسە، پارتىيەگە زەرەر يەتكۈزىدۇ.

يانا بىر مەسىلە بار، ئۇمۇ بولسا كونا كادىرلار بىلەن يېڭى كادىرلارنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدۇر. مۇداپىئە ئۇرۇشىدىن بويان-پارتىيەمىز كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدى. كۆپلىگەن يېڭى كادىرلارمۇ ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ ناھايىتى ئوبدان ھادىسە. يولداش ستالىن پۈتۈن كوممۇنىستلار ئىتتىفاقىنىڭ 18-قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتايىدىكى دوكلادىدا: «كونا كادىرلار دائىم ئازلىق قىلىپ كەلدى. ئېھتىياجلىق سانىدىن كەم بولدى. بەلكى ئۇلار ئالەمنىڭ تەبىئەت قانۇنى مۇناسىۋىتى بىلەن قىسمەن قېرىپ، ئۆلۈشكە يۈز تۇتتى» دېدى. ئۇ بۇ يەردە كادىرلار ئەھۋالىنى سۆزلىدى. ھەم تەبىئەت فەننىمۇ سۆزلىدى. پارتىيەمىزدە ئەگەر كەڭ كۆلەمدىكى يېڭى كادىرلارنىڭ كونا كادىرلار بىلەن بىرلىك ھەمكارلىقى بولمىسا، ئىشىمىز ئوتتۇرا يولدا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كونا كادىرلار ناھايىتى قىزغىن سەمىمىيەتلىك بىلەن يېڭى كادىرلارنى قارشى ئېلىشى ھەم ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشلىرى لازىم. توغرى يېڭى كادىرلارنىڭ ھەممىسىدە كەمچىلىك بار. ئۇلارنىڭ تېخى ئىنقىلاپقا قاتناشقانلىقىغا ئۇزۇن بولمىدى، تەجرىبىلىرىمۇ كەمچىل. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ كونا جەمئىيەتتىن ئېلىپ كەلگەن قالدۇق ناچار مەفكۇرىلىرىنىڭ قۇيرۇغى يوق دېگىلى بولمايدۇ. مانا بۇ مەيدە بۇرژۇئازىيە ئەركىن مەفكۇرىسىنىڭ قالدۇقىدۇر. لېكىن بۇ كەمچىلىكلەرنى تەربىيە ئېلىش ۋە ئىنقىلاپتا ئاۋۇلىنىش جەريانلىرىدا ئاستا-ئاستا يوقىتىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئارتۇقلۇق جايلىرى خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك: يېڭى نەرسىلەرنى ئۆتكۈر ھېس ئېتەلەيدىغانلىقىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلاردا يۇقىرى دەرىجىلىك قىزغىنلىق ۋە ئاكتىپلىق بار. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە بەزى كونا كادىرلاردا ھەقىقەتەن كەمچىل. يېڭى ۋە كونا كادىرلارنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشلىرى، ئۆز ئارا ئۆگىنىشلىرى، ئارتۇقلۇق جايلىرىنى ئۆستۈرۈپ، كەمچىلىك جايلىرىنى يوقىتىپ،



بىر ئىتتىپاق بولۇپ، ئۇمۇمىي بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىپ، مەزھەپچىلىك خاھىشىدىن ساقلىنىشلىرى زۆرۈر. كونا كادىرلار ئاساسەن رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇمۇمىي بىر ئەھۋالدا ئەگەر كونا كادىرلار بىلەن يېڭى كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىسا، ئۇچاغدا بۇنىڭغا كونا كادىرلار ئاساسەن مەسئۇل بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىسمەن ئورۇنلار بىلەن ئۇمۇمىي ئورۇنلار مۇناسىۋىتى، شەخسىيلەر بىلەن پارتىيە مۇناسىۋىتى، تاشقىرىدىن كەلگەن كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلار مۇناسىۋىتى، ھەربىي كادىرلار بىلەن يەرلىك كادىرلار مۇناسىۋىتى، ھەربىيلەر بىلەن ھەربىيلەر مۇناسىۋىتى، جايلار بىلەن جايلار مۇناسىۋىتى، بۇ بىر بۆلەك خىزمەت بىلەن ئۇ بىر بۆلەك خىزمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، كونا كادىرلار بىلەن يېڭى كادىرلار مۇناسىۋىتى ھەممىسى پارتىيە ئىچىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە كوممۇنىزم روھىنى ئۆستۈرۈپ، مەزھەپچىلىك خاھىشىدىن ساقلىنىپ، پارتىيەمىزنى، قوشۇنلىرىمىزنى تەرتىپكە سېلىپ قەدىمىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۈرەشكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدىغان قىلىش لازىم. بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە، پارتىيە ئۇسلۇبىنى تەرتىپكە سالغىنىمىزدا، بۇ مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلىشىمىز لازىم. بىز ئەگەر سوبيېكتىپچىلىكنى كىرەك قىلماي ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنى ئەمەلگە ئاشۇرماق بولساق، پارتىيە ئىچىدىكى مەزھەپچىلىكنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاپ، پارتىيەنىڭ مەنپەئىتىنى خۇسۇسى ھەم قىسمەن مەنپەئەتلەردىن يۇقىرى كۆرۈشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، پارتىيەنى پۈتۈنلەي ئىتتىپاقلاشقان ۋە بىرلەشكەن دەرىجىگە يەتكۈزۈشىمىز لازىم.

مەزھەپچىلىكنىڭ قالدۇقلىرى، پارتىيەنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىدە يوقىتىلىشى لازىم. شۇنىڭدەك پارتىيەنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ يوقىتىلىشى لازىم. بۇ ھەم پارتىيە ئۇسلۇبىنى تۈزىتىش ئۈچۈن زۆرۈر. يالغۇز پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلارنى ئىتتىپاق قىلغان بىلەنلا دۈشمەن ئۈستىدىن غالىبىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاق قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ىلا، ئالدىن دۈشمەن ئۈستىدىن غالىبىيەت قازانغىلى بولو
دۇ. بىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنى ئىتتىپاق قىلىش ئىشىدە
20 يىلدىن بۇيان جاپالىق زور خىزمەتلەرنى قىلدۇق. مۇداپىئە ئۇ
رۇشىدىن بۇيان بۇ خىزمەتنىڭ نەتىجىسى تېخىمۇ ئۇلۇغ بول
دى. لېكىن بۇ، يولداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە، توغرى ئۇسلۇب
بولدى. مەزھەپچىلىك خاھىشى بولمىدى – دېگەنلىك ئەمەس، بىر
بۆلەك يولداشلاردا ھەقىقەتەن مۇنداق خاھىش بار بولۇپ
كەلدى. بەزىلەردە ئۇ تېخىمۇ ئېغىر بولدى. نۇرغۇنلىغان
يولداشلىرىمىز، پارتىيە ئىچىدىكى كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى چوڭ
كۆرسىتىشكە قىزىقىدۇ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، باشقى
لارنى ھۆرمەت قىلىشنى، باشقىلارنىڭ ئارتۇقلىقىنى چۈشىنىش
نى خالىمايدۇ. مانا بۇ مەزھەپچىلىك خاھىشىدۇر. بۇ يولداش
لار بىرنەچچە ئېغىز ماركسىزم – لېنىنىزمنى ئۆگىنىپ ئالغان
دىن كېيىن، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش بۇياقتا تۇرسۇن، تېخى
مۇ تەكەببۇرلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئومۇمەن باشقىلارنى كارغا
كەلمەيدۇ دەيدۇ، ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ چالا – پۇچۇق بىلگەن
لىگىنى بىلمەيدۇ. يولداشلىرىمىزنىڭ شۇ ھەقىقەتنى
بىلىشلىرى لازىمكى: كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە
ئىچىدىكى كىشىلەر بىلەن چىقىشتۇرساق، قاچاندا بولمىسۇن
ئازچىلىقنى. تەشكىل قىلىدۇ.

مەسىلەن: يۈز كىشىنىڭ ئىچىدە بىر كوممۇنىست پارتىيە
ئەزاسى بار دەپ پەرەز قىلساق، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 450
مىليون خەلقىمىز ئىچىدە 4 يېرىم مىليون پارتىيە ئەزاسى بولىدۇ
شۇنداق چوڭ سانغا يەتتى دېگەندىمۇ، كوممۇنىست پارتىيە
سىنىڭ ئەزالىرى پەقەت بىر پروتسېنتنىلا ئىشغال قىلىدۇ. قا
لغان 99 پروتسېنت پارتىيەسىزلەردۇر. بىزنىڭ پارتىيەسىزلەر بىلەن
بىرلىشىپ ئىشلىمەسلىكىمىزدە قانداق ئاساسىمىز بار؟ بارلىق بىز
بىلەن ھەمكارلىق قىلىشنى خالايدىغان ھەم بىز بىلەن ھەمكارلىق قى
لىش مۇمكىنچىلىكى بولغان كىشىلەر بىلەن بىزنىڭ پەقەت بىرلە
شىپ ئىشلەيدىغان، ۋەزىپىمىز بار. ئۇلارنى رەت قىلىشقا ھېچ قا
نداق ھوقۇقىمىز يوق. بىر بۆلەك پارتىيە ئەزالىرى بۇ ئا
ساسقا چۈشەنمەيدۇ. بىز بىلەن ھەمكارلىق قىلىشنى خالايدىغانلارنى



كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەتتا ئۇلارنى يەكلەيدۇ، بۇنىڭغا
ھېچ بىر ئاساس يوق. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار
بىزگە مۇنداق ئاساسنى بەرگەنمۇ؟ يوق! ئەكسىچە ئۇلار
بىزگە ھەمىشە ھەقىقىي سەمىمىيلىكتە، خەلق ئاممىسى بىلەن
يېقىن مۇناسىۋەت باغلاشنى، خەلق ئاممىسىدىن ئايرىل
ماسلىقنى نەسىھەت قىلدى. كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ مەركە
زى كومىتېتى بىزگە شۇنداق ئاساسنى بەرگەنمۇ؟ يوق.
مەركىزى كومىتېتنىڭ بارلىق قارارلىرىدا، بىزنىڭ خەلق ئاممى
سىدىن ئايرىلىپ ئۆزىمىزنى يالغۇز قالدۇرىدىغان بىرمۇ قارار
يوق. ئەكسىچە ئۇ ھەر ۋاقىت خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىن
مۇناسىۋەت باغلاشنى ھەم خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلماسلىقنى
بۇيرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىدىغان ب
ارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ھېچ قانداق بىر ئاساسى يوق، پە
قەت بىر بۆلەك يولداشلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ياساپ چىقارغان مە
زھەپچىلىك مەفكۇرىسىنىڭ بەرگەن تەسىرىدىن بولغان ئىش
دۇر. چۈنكى، بۇنداق مەزھەپچىلىك بىر بۆلەك يولداشلاردا
تېخى ناھايىتى ئېغىر ھالدا بار بولۇپ، پارتىيە يولىنىڭ ئەمە
لگە ئاشۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز
نىڭ پارتىيەدە ئەڭ زور تەربىيە بېرىش ئىشلىرىمىزنى ئېلىپ بې
رىش، ئۇنى ئەڭ ئالدى بىلەن كادىرلىرىمىزدىن باشلاپ ئۇلارنى
بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىق خاراكتېرىنى توغرى چۈشىنىدىغان
ئۇلارنى، كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى ئەگەر پارتىيە ئى
چىدىكى كادىرلار ۋە كىشىلەر بىلەن ئۆزئارا بىرلەشمىگەندە،
دۈشمەننى چوقۇم يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئىنقىلابنىڭ مەق
سىدىگە چوقۇم يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان قىلىش
لازىم.

بارلىق مەزھەپچىلىك مەفكۇرىلىرى سۇبيېكتىپچىلىكتىن
ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجلىرىغا
ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزھەپچىلىككە
قارشى تۇرغاندا سۇبيېكتىپچىلىقىمۇ قارشى تۇرۇش لازىم.

پارتىيەدىكى باگۇچىلىق توغرۇلۇق بولغان مەسىلىنى باش
قا بىر مەجلىستە تەتقىق قىلىپ ئۆتىمەن. پارتىيەدىكى باگۇچىلىق

ئىپلاس كىرلەنگەن نەرسىلەردىن ئىبارەت. ئۇ، سوبيېكتىپچىلىك بىلەن مەزھەپچىلىكنىڭ ئىپادىلەنگەن بىر شەكلىدۇر. ئۇ كىشىلەرنى زەھەرلەيدۇ. ئىنقىلابقا پايدىسىز، ئۇنى يوقىتىشىمىز زۆرۈر. بۈگۈن ئۇنى بىرلا سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. كېلەر نۆۋەتتە سۆزلەشكە قالدۇرىمەن.

بىز سوبيېكتىپچىلىككە قارشى تۇرىمىز دېسەك، ماتېرىيالىزمنى ھەم دىئالېكتىكانى تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. لېكىن پارتىيەمىزدە ئورغۇنلىغان يولداشلار بار، ئۇلار ماتېرىيالىزمنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. شۇنىڭدەك دىئالېكتىكانى ھەم تەشۋىق قىلمايدۇ. بەزى يولداشلار باشقىلارنىڭ سوبيېكتىپچىلىكنى تەشۋىق قىلىشقا يول قويىدۇ، ئىستىخىيىلىك ئادەتلەنگەندەك خاتىرجەم تۇرۇۋېرىدۇ. بۇ يولداشلار ئۆزلىرىنى ماركسىزمغا ئىشەنگەن ھېساپلايدۇ، لېكىن ئۇلار ماتېرىيالىزمنى تەشۋىق قىلىشقا تىرىشمايدۇ. سوبيېكتىپ نەرسىلەرنى كۆرگەندە ياكى ئىشىتكەندە بۇ ھەقتە ئويلاپمۇ قويمايدۇ ۋە ھېچ قانداق فىكىر بىلدۈرمەيدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە كوممۇنىستلارنىڭ پوزىتسىيەسى ئەمەس. مانا بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئورغۇنلىغان يولداشلىرىمىز سوبيېكتىپچىلىك مەفكۇرەسىنىڭ زەھىرىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭدەك ئەھۋاللارنى تۇغدۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيەمىزدە بۇ ئويغۇتۇش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، يولداشلىرىمىزنىڭ روھىنى سوبيېكتىپچىلىق ۋە دوگماچىلىق زەھىرىدىن ئازات قىلىشىمىز، ھەممە يولداشلىرىمىزنى سوبيېكتىپچىلىكتىن، مەزھەپچىلىكتىن ۋە پارتىيەدىكى باگوچىلىقتىن نەپرەتلىنىشكە چاقىرىشىمىز لازىم. بۇ نەرسىلەر خۇددى ياپون مېلىغا ئوخشاش نەرسىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز يامان نەرسىلەرنى ساقلاپ قېلىشىمىزنى، ئۇنىڭ بىزنى داۋاملىق توردا نىقاپلاپ تۇرۇشىنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۇنى، خۇددى ياپون مېلىغا نەپرەت قىلغاندەك، ئۇنىڭغا نەپرەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. بارلىق سوبيېكتىپچىلىك، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيەدىكى باگوچىلىقتىن ئىبارەت نەرسىلەرگە نەپرەت قىلىشىمىز، ئۇنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نەزەرىيە دەرىجىسىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، زەرەر يەتكۈزۈشكە يول قويماسلىقىمىز



لازىم. ھەر قانداق سوبيېكتىپچىلىك، مەزھەپچىلىكنىڭ ۋە پارتىيەدىكى باگوچىلىقنىڭ ماللىرىنى بازاردا ئاسان ئۆتمەيدىغان قىلىش لازىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يولداشلىرىمىزنىڭ پۇراش سېزىمىنى يۇقىرى ئۆستۈرۈپ، ھەر قانداق بىر نېمە بولمىسۇن بۇرنى بىلەن پۇراپ بېقىپ، ياخشى ۋە ناچارلىقىنى ئايرىپ، ئاندىن ئۇنى قارشى ئېلىشنى ياكى ئۇنىڭغا نەپرەت قىلىشنى بەلگىلىشى لازىم. كوممۇنىستلار ھەر قانداق بىر ئىشنى بولمىسۇن نېمە ئۈچۈن دەپ سوراپ، ئۇنى ئۆز مېڭىسىدە پۇختا مۇلاھىزە قىلىپ ئويلىشى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق ياكى نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈش لازىم. مۇتلەق قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىك ۋە مۇتلەق قۇللۇقنى تەشەببۇس قىلماسلىق لازىم.

ئەڭ ئاخىردا بىزنىڭ سوبيېكتىپچىلىككە، مەزھەپچىلىككە ۋە پارتىيەدىكى باگوچىلىققا قارشى تۇرۇشىمىزدا دىققەت قىلىشقا زۆرۈر بولغان ئىككى مەقسەت بار:

بىرىنچىسى: «ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارغا خاتىمە بېرىپ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىش».

ئىككىنچىسى: «ئاغرىقنى داۋالاپ، ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش».

ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنى چوقۇم ئېچىپ تاشلاپ، يۈز خاتىر قىلماستىن پەننى پوزىتسىيە بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئۆتمۈشتىكى ناچار ئىشلارنى تەنقىد قىلىش، كېيىنكى خىزمەتنى دىققەت بىلەن ئىشلەشكە ۋە ياخشىراق ئىشلەشكە ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ. مانا بۇ «ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارغا خاتىمە بېرىپ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىش» دېگەنلىكتۇر. لېكىن بىزنىڭ خاتالىقنى ئېچىپ تاشلاپ، كەمچىلىكنى تەنقىد قىلىشتىن مەقسىتىمىز خۇددى دوختۇرنىڭ ئاغرىقنى داۋالىغانغا ئوخشاش، كىشىنى داۋالاپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي كىشىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈندۇر. بىر كىشىدە سوقۇر ئۈچەك ئاغرىقى پەيدا بولسا، دوختۇر ئۇنى كېسىپ تاشلىسا، ئۇ ئادەم ئاغرىقتىن قۇتۇلىدۇ. ھەر قانداق خاتالىق قىلغان ئادەم، مەيلى خاتاسى ھەر قانچە چوڭ بولمىسۇن، پەقەت ئۇ ئاغرىقنى يوشۇرۇپ، دوختۇرنى قوبۇل قىلمىسا، جاھىللىق قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



خاتالىقىنى ئۆزگەرتمىسە، ئۇ قۇتقۇزۇشقا بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. بەلكى ھەقىقىي تۈردە داۋالىنىشنى، تۈزۈتۈشنى خالىسا، كامچىلىقىنى تۈزۈتۈپ، ياخشى يولداشقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى سۆيۈنچلىك بىلەن قارشى ئېلىشىمىز كېرەك. مۇتلەق ۋاقىتلىق ھوزۇرلىنىش، قالايمىقان ئۇرۇش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. مەفكۇرەۋى كامچىلىقلار بىلەن سىياسىي كامچىلىقلارغا قارىتا، مۇتلەق قوپال ماۋقەينى تۇتقىلى بولمايدۇ. «ئاغرىقنى داۋالاپ كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش» ماۋقەينى تۇتۇش زۆرۈر. ئاندىن ئۇ، توغرى ۋە نەتىجىلىك ئۇسۇل بولىدۇ.

بۈگۈن پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئېچىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئورغۇن سۆزلەرنى قىلدىم. يولداشلارنىڭ كۆپرەك مۇلاھىزە قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. (قىزغىن ئالقىشلار)

مە. تاھىرى تەرجىمىسى

1) باگو - ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ كۆز قارىشى بويىچە، ماركسىزمنىڭ بىر ئاز نەزەرىيەلىرىنى يادلاپ ئېلىپ، مەسىلىگە شەكلەن قاراشتۇر. ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش نۇقتىسى قىلماي، ئوبيېكتقا قارىماي، تەشۋىق قىلىش، ماقالە يېزىش ۋە نۇتۇق سۆزلەشتۇر. پارتىيە دىكى باگوچىلىق، ئەجنەبىي باگوچىلىق، يېڭى باگوچىلىق - سۇبيېكتىپچىلىك ۋە مەزھەپچىلىكنىڭ ئىپادە قىلغان بۇ خىل شەكلىدۇر. بىر خىل شەكىل جانلىق نەرسە ئەمەس، ئۆلۈك نەرسىدۇر. ئالغا باسار نەرسە ئەمەس، ئارقىغا چېكىنىدىغان نەرسىدۇر. ئىنقىلابىي نەرسە ئەمەس، ئىنقىلابقا توسقۇن نەرسىدۇر.

# دۆلىتىمىز دىكى خەلقچىل پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ خىتابنامىسى

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلەرنىڭ كورېيەدە يۈرگۈزىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتى، جۇڭگو خاتىرجەملىكىگە تەھدىت سالماقتا. پۈتۈن جۇڭگو خەلقلىرى خېلى بۇرۇنلا ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كورېيەدە قىلىۋاتقان ھەركەتلىرى بىلەن مەملىكىتىمىز جۇڭگونىڭ ھاۋا، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق زېمىنىنى ئۈستىدە قىلىۋاتقان ھەركەتلىرىگە بارلىق دىققىتىنى بۆلۈپ كەلگەن ئىدى. جاھانگىرلەرنىڭ تاجاۋۇزچىل، ۋەھشى ئىپلاسلىقىدا ھېچقانداق شەك يوق. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بويىچە (1950 ىنچى يىل) 25 - ئىيۇل كۈنى كورېيەگە قارىتا تاجاۋۇز ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئامېرىكا ئالۋاستىلىرىنىڭ قەستى يالغۇز كورېيە خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنى تۇنجۇقتۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ بېسىپ ئېلىش بىلەن پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇشتۇر.

تۆرت ئاينىڭ مابەينىدىكى ئەمەلىيەتلەر، بىزنىڭ تولۇق فاكتى بولالايدۇ. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن تۈرىيە ۋەتەن خائىنى قورچاق لى سىڭمان كورېيە خەلقىگە قارشى ھۇجۇم باشلىغاندىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەيلا ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى ترۇمېن، ئامېرىكانىڭ ھاۋا، دېڭىز، قۇرۇقلۇق قىسملىرىنىڭ كورېيەگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىشىغا بۇيرۇق بەردى. ئۇ يەنە ئامېرىكا 7- دېڭىز فلوتىنى، كورېيەگە دېڭىز ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشقا ۋە بىزنىڭ فورموزىنى ئازات قىلىشىمىزغا قوراللىق تۈردە توسقۇنلۇق قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇ شۇنىڭدەك يەنە ۋيېتنام، فىلىپپىنلاردا ئېلىپ بېرىۋاتقان

تەجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلەرگە بېرىۋاتقان ياردىمىنى ئارت-
تۇرۇشقا بىرىروق بەردى. مانا بۇ پاكىتلار، ئامېرىكا جاھان-
گىرلىكىنىڭ كورىيەگە قارىتا يۈرگۈزگەن تەجاۋۇزلۇق ئۇرۇ-
شىنىڭ ئەسلى مەقسىتى جۇڭگوغا ھەم پۈتۈن ئازىياغا تەجا-
ۋۇز قىلىش ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىسپات بولالايدۇ. ئامېرىكا جا-
ھانگىرلىكى بۇيىل 6 - ئايدىن تارتىپ كورىيەگە تەجاۋۇز
قىلغىنىدىن بۇيان ئۇنىڭ كورىيەدە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كەل-
گەن ھاۋا قىسىملىرى بىرنەچچە قېتىملاپ دۆلەت زېمىنىمىز شەر-
قى شىمالىغا تەجاۋۇزچىلىق قەدىمى بىلەن بېسىپ كىرىپ، خەلقى-
مىزنى قىردى. ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ بايلىقلىرىنى بومبىغا تۇتۇپ،
خانە ۋەيران قىلدى. ئۇنىڭ (ئامېرىكانىڭ) كورىيەگە تەجا-
ۋۇز قىلغان دېڭىز ئەسكەرلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز دائىرىسى-
گە بېسىپ ئۆتۈپ، بىزنىڭ سودا پاراخوتلىرىمىزنى زەمبىرەككە
تۇتۇش بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئاياغ
ئاستى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ يىرتقۇچلىقى
تېخىمۇ ئاشكارىلاندى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ غالچا-
مالايلىرى بىلەن بىرلىكتە زور ۋەھشىيلىك ۋە خانە ۋەيرانچىلىقلار
بىلەن سېئۇل شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن تەجاۋۇزچىلىق
نەپسى يەنىمۇ ئارتىپ، دۆلىتىمىز تەرىپىدىن بېرىلگەن قاتتىق
ئاگاھلاندۇرۇشلارغا ئېتىبار قىلماستىن «38- پاراللېل» سىزىقىدىن
ئۆتۈپ، شىمالى كورىيەگە بېسىپ كىردى ۋە ئورغۇن سانلى-
قى قوراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن يالۇجاڭ، تۈمەنجاڭ دەريا
رايونلىرىغا ۋەھشىيلەرچە بېسىپ كىرىپ دۆلەت زېمىنىمىز
شەرقى شىمالىغا بىۋاستە تەھلىكە سالدى.

شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى ۋەزىيەت ناھايىتى ئوچۇق ئاي-
دىڭلاشتى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىمۇ خۇددى ئۆتمۈشتىكى ياپون
قاراقچىلىرىنىڭ ئالدى بىلەن كورىيەگە تەجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئاند-
ىن جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلغان ئىزىدىن ماڭماقتا. ھەممىگە مە-
لۇمكى، كورىيە گەرچە كىچىكرەك بىر دۆلەت بولسىمۇ، ئا-
ما ئۇنىڭ ئۇرۇش ئىستراتېگىيە جەھەتتە تۇتقان ئورنى بەك
مۇھىم. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كورىيەگە تەجاۋۇز قىلىشىدىكى
مەقسىتى، كورىيەنى بېسىپ ئېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن،



بەلكى جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىش ئىدى. بۇنىڭ ئۆتمۈش-
تىكى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئىشلىگىنىدىن ھېچ قانداق پەرقى
يوق. كورىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى مۇنقەرەز
بولۇشى، جۇڭگونىڭ تىنچلىقى ۋە ياكى خوپلۇققا چۈشۈپ قېلى-
شى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تارىخى پاكىتلىرىمىز-
گە بۇرۇنلا كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ ھەقتە «كالپۇكى يوقالغىچە چىشى
توڭلايدۇ، ئىشىكى يوق ئۆي بولمايدۇ» دېگەن كونىلارنىڭ ماقالى-
نى كۆرسىتىپ كېتىمىز. جۇڭگو خەلقىنىڭ كورىيە خەلقلىرىگە
ياردەملىشىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى،
جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋىجدانى بىر ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى بۇ ئىش، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى خەلقلەرنىڭ پايدا-
زىيانلىرىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزىنى قوغدۇرۇشتىن ئى-
بارەتتۇر. بىز ۋەتىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئەلۋەتتە كورىيە
خەلقلىرىگە ياردەم بېرىشىمىز ناھايىتى زۆرۈر دۇر. ھازىر پۈتۈن
دۆلىتىمىزدىكى خەلقلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ۋە ناھايىتى قىز-
غىن روھلىرى بىلەن ئىختىيارى رەۋىشتە پەيدا بولۇش ھەر-
كىتىنى قوزغىشى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ،
كورىيەگە ياردەملىشىش ۋە ئائىلىنى ساقلاپ، ۋەتەننى قو-
غداش مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈ-
رەش قىلىشىدۇر، بۇ تەلەپ ئەقىلغا مۇۋاپىق ۋە پۈتۈنلەي ھەق-
قانى تەلەپدۇر. جۇئېنلەي جانابلىرى ئېيتقان: «جۇڭگو
خەلقى تاشقى (باشقا) دۆلەتلەرنىڭ تەجاۋۇزىغا ھەرگىز يول
بەرمەيدۇ ۋە جاھانگىرلەرنىڭ تەجاۋۇزىنى كۆرۈپ قاراپ
تۇرالمايدۇ» دېگەن بۇ ئىككى ئېغىز سۆز 475 مىليون جۇڭگو
ئاھالىسىغا ۋاكالەتلىك قىلىدۇ ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىنى كۆر-
سىتىپ، خەلق تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ھەقىقەتەنمۇ پۈ-
تۈن جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ بىر ئىتتىپاقدا بولۇپ دۈشمەننى قوغ-
لاشى، ماكانىنى قوغداش ۋە تىنچلىقنى قوغداشقا بولغان كۈ-
چلۈك ئىرادىلىرىنى ھېچ قانداق نەرسە يوقىتالمايدۇ.

جۇڭگو خەلقى، تىنچلىقنى سۆيگۈچى خەلقتۇر. بىز ئە-
زەلدىنلا تىنچلىقنى خالاپ كەلگەن ئىدۇق ۋە مۇندىن كېيىنمۇ
تىنچلىقنى مەڭگۈ خالايمىز. شۇنىڭدەك ئازىيا تىنچلىقىنى ۋە پۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۈن دۇنيا تىنچلىغىنى خالايمىز . بىز كورىيە مەسىلىسىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىنىشىنى قۇۋۋەتلەيمىز . جاھانگىرلەرنىڭ تەجاۋۇزچى ئەسكەرلىرى كورىيەدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك . لېكىن ئامېرىكا جاھانگىرلىگى بىلەن ئۇنىڭ غالچا مالايلىرى تەجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ۋە قىلىۋاتقان تەجاۋۇزىنى توختۇتۇشنى ھەمدە كورىيە مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى ئىزدىمەيلا قالماستىن ، بەلكى « 38 - پاراللىل » نىڭ شىمالى تەرەپىدە شۇنۇڭدەك جوڭگونىڭ چېگارا رايونى بولغان يالۇجاڭ ، تۇمېنجاڭلاردا يانا بىر قەدەم جىلىلەشكەن غالجىرانە تەجاۋۇزچىلىغىنى كۈچەيتمەكتە . ئامېرىكا جاھانگىرلىگى بۇ خىل ھەرىكەتلىرى بىلەن بىزنى ، بىر تۈرلۈك فاكتنى تونۇشقا مەجبۇر قىلدىكى ، ئۇ بولسىمۇ ، ئەگەر پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىق سۆيگۈچى ئەللەر تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىزدىسە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ۋە جىددى ھەرىكەتلىرى بىلەن ۋەھشىيانە ھەرىكەتكە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ ، جاھانگىرلەرنىڭ تەجاۋۇزىنى توختۇتۇش لازىم . پەقەت جاھانگىرلارغا قارشى تۇرغاندىلا ئۇلارغا ئوبدان ساۋاق بەرگىلى بولىدۇ . شۇ ۋاقىتتىلا خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە كورىيە ۋە باشقا جايلارنىڭ مۇستەقىللىكى بىلەن ئازاتلىق مەسىلىسى ئادالەتلىك ھالدا ھەل قىلىنىشى مۇمكىن . ھەققانىيەت بىز تەرەپتە يەنى جوڭگو ، كورىيە ، ۋيېتنام ۋە ياپونىيە خەلقلىرى تەرەپتە . يانا بىر قەدەم ئىلگىرى چامداپ ئېيتقاندا . ھەققانىيەت پۈتۈن ئازىيا ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقنى سۆيگۈچى ئەللەر تەرەپتە . جاھانگىر تەجاۋۇزچىلىرى ھەققانىيەتكە قارشى ئىش قىلىۋاتىدۇ . ئۇلار پۈتۈنلەي خەيرخاھلىقتىن ئاجراغلىق ئۇلار ، ئۆز - ئۆزىنى يوقىتىش گىرداۋىغا ھايدىماقتا . تەجاۋۇزچىلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ، ئەڭ ئاخىرقى غالىبىيەتنىڭ ھەققانىيەتنى سۆيگۈچى ئەللەر تەرەپىگە ئۆتىدىغانلىغى مۇقەررەردۇر .

جوڭگودىكى بارلىق پارتىيە ۋە گۇرۇھلار ، ئەڭ ئالى ساداقەتلىك بىلەن پۈتۈن جوڭگو ئاھالىسىنىڭ بۇ ھەققانى تەلەپلىرىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھىمايە قىلىشقا ، پۈتۈن دۆلەتتىكى



خەلقنىڭ ئىختىيارى رەۋىشتە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ، كورىيەگە ياردەملىشىش بىلەن ئائىلىنى ساقلاپ ، مەملىكەتنى قوغداش مۇقەددەس ۋەزىپە ئۈچۈن چېلىشىشلىرىنى ھىمايە قىلىشقا قەسەم ياد قىلىدۇ .

جوڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسى .
جوڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابى ھەيئىتى .
جوڭگو دېموكراتىك ئىتتىپاقى .
دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش ئۇيۇشمىسى .
جوڭگو خەلق سىياسى كېڭەشىدىكى بارلىق پارتىيە ۋە گۇرۇھسىز خەلقچىل زاتلار .
جوڭگو داخەلقچىللىقى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىسى .
جوڭگو ئىشچى - دېھقان دېموكراتىك پارتىيەسى .
جوڭگو جىگوڭ داڭ .
جوسان ئىلمى جەمئىيىتى .
پۈرموزا دېموكراتىك موختارىيەت ئىتتىپاقى .
جوڭگو يېڭى دېموكراتىيەلىك ياشلار ئۆمىگى .

1950 - يىل 4 - نويابىر .

بېيجىڭ

# بۈتۈن ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە بۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت

بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى! ھەر مىللەت ۋە ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلار!

بىز جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ ۋە دۇنيادىكى تىنچلىق پەرۋەر ۋە خەلقچىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ شايكىلىرىنىڭ كورېيەگە تەجاۋۇز قىلىشىدىن ئەۋج ئالغان ئۇرۇش ئوچقۇنلىرى بۈيۈك ۋەتىنىمىزنىڭ دەرۋازىسىدا يېنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ خاتىرجەملىكىگە ۋە ئاسىيا ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ تىنچلىقىغا ئېغىر خەۋپ تۇغدۇرماقتا.

ئامېرىكا جاھانگىرلىرى بۇ يىل 6 - ئايلاردا جەنۇبىي كورېيەدىكى قورچاق لى سىڭ مەننىڭ شىمالىي كورېيەگە قارىتا ھەركەتلىنىپ ھۇجۇم قىلىشىغا يول كۆرسىتىپ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا تەجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنى كەلتۈرۈپ، كورېيەدە غالجىرلاشقان ھالدا ئۇرۇشنى كېڭەيتىپ مىڭلاپ يېزا - قىشلاقلارنى ۋەھشىيلەرچە بومبارد قىلىپ، مىليونلىغان كورېيە خەلقلىرى ئۈستىدە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. ئۇلار 7- دېڭىز فلوتىنى ئېۋەتىپ دۆلىتىمىزنىڭ تۇپرىقى فورموزىنى ئىشغال قىلىش بەرابەرىدە قوراللىق كۈچى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ فورموزىنى ئازاد قىلىش ھەركىتىگە توسقۇنلۇق قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەجاۋۇزچىل ھاۋا ئەسكەرلىرى بىر قانچە نۆۋەت دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ھاۋا چېگرىسىدىن تەجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، خەلقىمىزنى قىرىپ ۋە دۆلەت مۈلكلىرىمىزنى خانە ۋەيران قىلىش بىلەن دېڭىزلاردا سودا پاراخوتلىرىمىزغا توپ، زەمبىرەكلەر ئېتىپ دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز ھوقوقىنى بۇزۇپ كەلدى.



ئەنە شۇنىڭدىن بېرى، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ۋە ئۇنىڭ شايكىلىرىنىڭ تەجاۋۇزچىل قوراللىق كۈچلىرى سېئۇل (خەنچېڭ)نى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ خىل غالجىرلاشقان تەجاۋۇزچىلىق ھەركىتىنى يەنە بىر قەدەر كېڭەيتىپ دۆلەت خەلقىمىزنىڭ كورېيەگە تەجاۋۇزچىلىق قىلغۇچى ئامېرىكا ئارمىيەلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن كورېيە مەسىلىسىنى تىنچلىق ئۇسۇلىدا ھەل قىلىشتىكى ھەققانىي تەلەپلىرىنى ۋە ھەقىقىي ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېتىبارغا ئالماستىن ياۋۇز نىيىتى بىلەن يۈرۈش قىلىپ 38- پاراللېلنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسى، يالۇجاڭ، تۇمېن جاڭ دەريالىرىغا بىۋاستە بېسىپ كېلىپ دۆلىتىمىزنىڭ خاتىرجەملىكىگە ئېغىر خەۋپ تۇغدۇردى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ بۇ خىل غالجىرلەرچە تەجاۋۇز قىلىش ھەركىتى ئۆتمۈشتىكى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ دۆلىتىمىزگە تەجاۋۇز قىلىشتىكى كونا پىلانىنى قوللانغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ قەستى يالغۇز كورېيە دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنى يوق قىلىشلا بولماستىن بەلكى، جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىش - ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ئىستراتېگىيەلىك بازا بولغان كورېيەنى ئىشغال قىلىپ جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىش پىلانىنى يۈرگۈزمەكتە.

كورېيە بولسا بىزنىڭ خوشنىمىز، ئۇنىڭ ھايات-ماماتى دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ خاتىرجەملىكى ۋە خەۋپلىكى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىكتۇر. كورېيە خەلقلىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىدۇر. بىزنىڭ، ياپون باسمىچىلىرىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىمىزنىڭ ۋە ئامېرىكا، جاڭكەيشى باندىسىغا قارشى ئازادلىق ئىنقىلابىي ئۇرۇشىمىزنىڭ ئېغىر چاغلىق ۋاقىتلىرىدا سانسىزلىغان كورېيە زىيالىي خەلقلىرى بىز بىلەن ئەڭ جاپا چېكىپ ئۆلۈم ياكى كۆرۈم ئۈستىدە بىز بىلەن قولمۇقول تۇتۇشۇپ، ئۇرۇش فرونتلىرىدا بىز ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى بېرىپ، ئەڭ قىممەتلىك ياردەملەردە بولدى. كورېيە خەلقىنىڭ بۇ خىل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي قىممەتلىك سۆيۈشى بولغان

ئىنتېرناتسىئونالىزم روھى ئاساسىدىكى جەڭگىۋار دوستانە يار
دىمىنى جوڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى مەڭگۈ ئۇنۇت
مايدۇ. ھازىر بىزنىڭ دوستىمىز كورىيە خەلقلىرى ئېغىرچىلىق
خەۋپلىك ئەھۋالدا تۇرماقتا. كورىيە خەلقلىرىنىڭ ئامېرىكا جاھان
گىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشىغا دوستانىلىق ياردەملىرىمىزنى تەقدىم
قىلىشىمىز ئېگىشلىك ھەم لازىم. بۇخىل ياردىمىمىز يالغۇزلا كو
رىيە خەلقلىرىنىڭ بىزگە قىلغان جەڭگىۋارلىق دوستانە ياردىمىنىڭ
بەدىلى ئۈچۈنلا بولماستىن بەلكى، ئۆز ۋەتىنىمىزنى ھىمايە
قىلىشى ئۈچۈن لازىمدۇر. بىز جوڭگو خەلقى تىنچلىق سۆيىمىز،
ئامما بىز چوڭقۇر چۈشۈنىمىزكى؛ تىنچلىق، تەجاۋۇزچىلارنىڭ
بوزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا بىز ئۇلارغا قەتئىي قارشى
تۇرۇپ، تىنچلىقنى قوغداش بىلەن جىددى ھەرىكەتلىنىپ تەجاۋۇز
چىلىقنى توختۇتىمىز.

نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ئىشى
بولغان جاڭ كەيشى تەتۇر ھەرىكەتچى، باندىتلارغا ۋە ئامې
رىكا جاھانگىرلىگىنىڭ جاسۇسلىرى بولغان ئوسمان، يولبارس
قاتارلىق باندىتلارغا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ كەلگەن
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى ئامېرى
كا جاھانگىرلىگىنىڭ كورىيەگە تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى كې
ڭەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ بارابەرلىكىگە دوستلۇقىغا، موھەببىتىگە،
بەخت — سائادىتىگە، چوڭ ئائىلەمىز - جوڭخۇا خەلق جۇمھۇ
رىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە تىنچلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزگە
بىۋاستە خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان جىنايەتلىك ھەرىكىتىگە ھېچ
قاچان يول قويمايمىز.

مەملىكىتىمىزدە كۈندىن - كۈنگە ئولغۇيۇپ رىۋاجلىنىۋات
قان ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، كورىيەگە يار
دەم قىلىش، ۋەتەننى ھىمايە قىلىش ھەرىكىتىدە شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقلىرىمۇ بارلىق دەۋلەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە
كۆرەش قىلىشقا تەييار.

بىز جىددى تۇردە ئېيتىمىزكى، پۈتۈن دەۋلەت خەلقىمىز
نىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ كورىيەگە يار
دەم قىلىش، ۋەتەننى ھىمايە قىلىش تۇغرىسىدىكى ھەققانى



تەلەپلىرى ۋە ھەرىكىتىنى ھەم جوڭگو كومپارتىيەسى باشلىق پۈ
تۈن دەۋلەت ھەر - بىر خەلقچىل پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ، پۈتۈن
دەۋلەت خەلقىنىڭ تەلىپىگە، ئىرادىسىگە ۋاكالەتەن ئېلان قىل
غان بىرلەشمە ئۇختۇرۇشىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز ۋە سەمىمى
قوشۇلىمىز.

بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت قېرىنداشلار!

بىز، سىزلەرنى ئەمەلى ھەرىكەت بىلەن كورىيە خەلقىنىڭ
ئازادلىق ئۇرۇشىغا ياردەم قىلىپ، ئامېرىكا تەجاۋۇزچىلىرىنى كورى
يەدىن قوغلاپ چىقىرىپ ۋەتەن خاتىرجەملىكىنى، ئازىيا ۋە دۇن
يا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن مىللەتلەر ئارىسىدىكى سەمى
مى ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ۋەتەن پەرۋەرلىك ۋە
ئىنتېرناتسىئونالىق روھىنى قانات يايدۇرۇپ يۈكسەك، تىرىشچان
لىق بىلەن ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى جىددىيلەش
تۇرۇپ ئامېرىكا ۋە جاڭ كەيشى يول يورۇقىدىكى باندىت،
ئىشپىيون ۋە بارلىق تەتۇر ئىنقىلاپچى ئۇنسۇرلەرنى تامامەن
تازىلاش بىلەن جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇستەھكەملەپ، ئامېرىكا
جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ كورىيەگە ياردەم قىلىش، ئائىلە
مىزنى ساقلاپ، دەۋلىتىمىزنى قوغداشدىكى مۇقەددەس ۋەزىپە
مىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا چاقىرىمىز.

ھەققانىيەت بىز تەرەپتە دۇر. جاھانگىر تەجاۋۇزچىلىرى ئادا
لەتكە قارشىلىق قىلغۇچى بولغانلىقىدىن ئۇلار يېگانە يېتىمدۇر،
شۇنىڭ ئۈچۈن تەجاۋۇزچىلار ئاخىرى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.
ئەڭ ئاخىرقى غالىبىيەت چوقۇم ھەققانىيەت سۆيەر خەلقلەرنىڭ
بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز مۇستەھكەمدۇر.

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى:

1950- يىلى 9- نويابىر

ئۇرۇمچى:

# سوۋېت خەلقىنىڭ ماڭغان يولىنى ئۆگۈنەيلى

ۋاڭ جېڭ

بۈيۈك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 33-يىللىقى، ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن كورېيە ۋە دۆلىتىمىز فورموزىغا تاجاۋۇز قىلىپ، بىزنىڭ فورموزىنى ئازاد قىلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلغان، دۆلەت چېگارا رايونلىرىمىزنى بومباردىمان قىلىش بىلەن قىلىپ ۋە ۋيېتنامغا قارىتا تېخىمۇ غالجىرانە يوسۇندا تاجاۋۇزچىلىقنى يۈرگۈزىۋاتقان بىر ۋاقىتقا توغرى كەلدى. مانا بۇنداق ۋەھشىلەرچە يۈرگۈزۈلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلۇق مەملىكىتىمىز جۇڭگو بىلەن پۈتۈن ئازىياغا چوڭ تەھلىكە سالماقتا. ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرى دۇنيا تىنچلىقىغا خەۋپ تۇغدۇرۇش بىلەن پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇشنى كۆزلەيدۇ. ئەمما يانا بىر تەرەپتىن بۇ يىلقى ئوكتەبىر ئىنقىلابى، تىنچلىق، خەلقچىللىق لاگېرى كۈچىنىڭ كۈن سايىن ئۆسۈۋاتقان بىر ۋاقتىغا توغرى كەلدى.

بۈيۈك سوتسىيالىستىك ئوكتەبىر ئىنقىلابى ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنى يارىتىپ پۈتۈن دۇنيادىكى پارچە ئېزىلگۈچى سىنىپلار بىلەن ئېزىلگۈچى مىللەتلەرگە ئازادلىق يولىنى ئېچىپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن دۇنيا بويىچە بىر نەچچە يۈز مىليونلىغان تىنچلىق ۋە خەلقچىللىق ھەمدە سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق مىللەت خەلقلىرى بۈيۈك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشچىلىـ

خىلىدىكى ئىچىلىق ، خەلىقچىللىق وە سوتسىيالىستىك سەنئەتدە ئۇ-
روپ ، ياشىسۇن بۈيۈك سوتسىيالىستىك ئوكتەبر ئىنقىلابى-
نىڭ غالىبىيەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ 33 - يىللىقى» دېگەن شۇئار-
لارنى توۋلىماقتا .

بۈيۈك سوتسىيالىستىك ئوكتەبر ئىنقىلابىنىڭ ھەيۋەتلىك ئىن-
قىلاپ تەمترىگەن جاھانگىرلار 14 كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ
قوراللىق كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ وە چار روسىيەنىڭ تەتۈر ئىن-
قىلابچى قالدۇقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ يېڭى سوۋېت دۆلى-
تىنى تۇنجۇقتۇرۇشقا سۇيىقەست قىلغان ئىدى . لېكىن بۈ-
يۈك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى قەھرىمان ئىشچىلار سىنىپى وە
مېھنەتكەش خەلقلەر بىلەن باشقا ھەر مىللەت خەلقلىرى ئۇ-
لۇغ داھى لېنىن، ستالىننىڭ وە بولشېۋىكلەر پارتىيەسىنىڭ دانىش-
مەنلىك يېتەكچىلىكى ئاستىدا قەھرىمانە رەۋىشتە كۈرەش
قىلىپ ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش بىلەن ئورال ، ئو-
ق ، دارى ، ئوزۇق ، كىيىم - كېچەك جەھەتلىرىدىن دۈشمەن كۈ-
چىگە نىسبەتەن ناھايىتى قىيىنچىلىق ئەھۋالات ئاستىدا دۈشمەنگە ئى-
گىشلىك زەربە بېرىپ ، ئۇلارنى چوڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرات-
تى . شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئوكتەبر ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيىتى-
نى مۇستەھكەملەپ دۆلەت ئىچىدىكى ئۇرۇشلار بىلەن جاھانگىر-
لارنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشىغا قارشى ئۇرۇشلاردا پۈتۈنلەي
غالىبىيەت قازاندى . وە لېنىن - ستالىن پارتىيەسى وە سوۋېت
خەلقىنىڭ بۈيۈك سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى قۇرۇلۇشىغا يېتەك-
چىلىك قىلىپ ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى دۇنيا بويىچە كۈچلۈك
دۆلەتلەردىن قىلىپ ساقلىدى . 2 - جاھان ئۇرۇشىدا سو-
ۋېت ئىتتىپاقى ، گېرمانىيە ، ئىتالىيە وە ياپونىيە فاشىستلىرىنى
مەغلۇپ قىلىپ ، ئاۋروپادىكى ، پولشا ، چېخسلوۋاكىيە ، رومىنىيە
بولغارىيە ، ۋېنگرىيە وە شەرقى گېرمانىيەدىكى خەلقلەرنىڭ
ئازادلىقىغا وە ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى غا-
لىبىيەتلىك يۈرگۈزۈشىگە بىرىشقا ياردەم بەردى . شەرقتە 475
مىليون نوپۇسنى ئىگىلىگەن بۈيۈك جۇڭگو خەلقى پۈتۈن
دۆلەتلىك ئىنقىلابى غالىبىيەتكە ئېرىشتى . مانا بۇ پۈتۈن دۇنيا
بويىچە تارىخى غالىبىيەت بولۇش بىلەن بىرگە جۇڭگو سوۋېت

ئىككى دەۋلەت ئارىسىدا دوستلۇق ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىش توختام ۋە كېلىشىملەرنى تۈزدى. بۇ توختاملار 700 مىليون خەلقنىڭ قېرىنداشلارچە سەمىمىي بىر ئىتتىپاققا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىتتىپاقنىڭ كۈچىگە دۇنيا بويىچە ھېچ قانداق دۈشمەننىڭ كۈچى تەڭ كېلەلمەيدۇ.

بۈيۈك ئوكتەبىر ئىنقىلابى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا ئۆتۈشىگە ئىلھام بەردى. سوۋېت بولشېۋىكلەر پارتىيەسى يېتەكچىلىك قىلغان بەختلىك سوۋېت خەلقلىرىنىڭ نەمۇنەلىرى ۋە قۇدرەتلىك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ھەممە ئۇنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا كۆرسەتكەن ياردەملىرى ئارقىسىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن ئىنقىلابچى جۇڭگو خەلقلىرى دەۋلىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەردىن غالىب بولۇشىدىكى كامىل ئىشەنچىنىڭ ئىلھامچىسى بولدى. ئۇلۇغ بۈيۈك داھىمىز بولغان ماۋزەيدۇڭ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن تەلىماتى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ گەۋدىلىك ئەمەلىيىتىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگەنلىكىدىن ماۋزەيدۇڭ مەفكۇرىسى جۇڭگو خەلقىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن دەۋلەتلىك غەلىبىسىگە ئېرىشتۈردى.

بۈيۈك قەھرىمان ۋە ئىشچان جۇڭگو خەلقى ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە مۇشەققەتلىك كۈرەش جەريانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. بىزنىڭ بۇ بۈيۈك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا گەرچە بىر يىل توشقان بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى كۈچلۈك دۈشمەنلەردىن غالىب بولۇشىدا يېتەكچىلىك قىلغان جۇڭگو كومپارتىيەسى بىلەن خەلق دەۋلىتىمىزنىڭ مۇداپىئە ئارمىيەلىرى گۈدەك بالىلىق دەۋرىدىن ئۆسۈپ كۈچلۈك ۋە چوڭ ئادەم بولۇپ يېتىشتى. جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەۋلەت مۇداپىئە ئارمىيەلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ نەمۇنەلىرىنى ئۆگىنىپ بۈيۈك جۇڭخا مىللىيىتىنىڭ پارلاق ئەنئەنەلىرىنى جارى قىلىشى، پۈتۈن دەۋلەتتىكى خەلقنى دەۋلەتنى مۇداپىئە قىلىش ۋە ۋەتەن پەرۋەرلىك روھىدا ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ۋەتىنىنى قوغداپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كورېيە، جۇڭگو ۋە

وە ئازىياغا تەجاۋوز قىلىۋاتقان ۋەھشىيانە ھەركەتچىنى تار - مار قىلىش ئۈچۈن ئىتتىفاقلىشىشى لازىم.

لىنىنىزم بولسا، كاپىتالىزمنىڭ زاۋال تاپىش دەۋرىدىكى يەنى جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ماركسىزمدۇر. رەئىس ماۋ - زەدۇڭ جانابلىرى موشو ھەقىقەت ئارقىلىق جوڭگو خەلقىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى بارلىق دۈشمەنلىرىگە دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قارايدۇ. ئامرىكا جاھانگىرلىگى بىلەن بارلىق تەتۇر ھەركەتچىلەرنىڭ پەقەت بىر قەغەز يولبارس ئىكەنلىگىنى كۆرسەتتۇدۇ. دىمەك ئۇلار تەتۇر ئىنقلاپچىلار، خەلققە قارشى ئىشلىگۈچىلەر ۋە ئادەم يىگۈچى بىر تۇقۇچلاردۇر. ئۇلار پات يېقىندا ھالاك بولغۇچىلاردۇر. شۇڭلاشقا ئۇلارنى يوقۇتۇش لازىم، بەلكى ئۇلارنىڭ يوقۇلۇشىدا ئىشەك يوق. دۇنيا ئىنقلابىنىڭ ئۇستازى ۋە يېتەكچىسى لېنىن ۋە ستالىن سوۋىت خەلقىگە موشۇنداق رەھبەرلىك قىلىپ قەھرىمانلىق بىلەن ئالغا باسقان ئىدى. جوڭگو خەلقىنىڭ بۈيۈك داھىسى رەئىس ماۋزەدۇڭ جانابلىرىمۇ جاھانگىرلەر بىلەن تەتۇر ھەركەتچىلەرگە خوددى شۇنىڭدەك قاراش بىلەن بىزنىڭ غالىبىيەت بىلەن ئالغا بېسىشىمىزغا رەھبەرلىك قىلدى.

جاھانگىرلەر بىلەن تەتۇر ھەركەتچىلەرنىڭ مەغلۇب بولۇشى چوقۇم. بارلىق جاھانگىرلەر بىلەن تەتۇر ھەركەتچى تۈركۈملىرىگە دۈشمەنلىك كۆز بىلەن قاراشقا پۈتۈنلەي ھەقلىقمىز.

شۇڭلاشقا ئامرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ كورىيە، جوڭگو ۋە ئازىياغا تەجاۋوز قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇش ۋەھشى نىيىتى ئۆزلىرىنى ئۆلۈم گۆرىگە تىقىۋالدى. يولداش ماۋ - زەدۇڭ جوڭگو ئىنقلابىنىڭ بىر پۈتۈن كۆرەشى جەريانىدا ياپون جاھانگىرلىگى، بىلەن ئامرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ بىۋاس - تە ياردىمىنى ئېلىپ تۇرغان گومىنداڭ تەتۇر ھەركەتچىلىرى - نى مەغلۇب قىلىش ئۇرۇشلىرىدا ئۇرۇش ئىستراتىگىيەسى جە - ھەتىدە دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى بىر - بىرلەپ تار - مار قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى. بىز قەتئى ئىشىنىمىزكى؛ جوڭگو خەلقىدە ئۇلۇغ داھى رەئىس ماۋزەدۇڭ رەھبەرلىگى ۋە بۈيۈك سوۋىتلەر ئىتتىفاقى بىلەن تۈزۈلگەن دوستلۇق ئىتتىفاقلىقى ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىش توختاملىرى بولغانلىقىدىن غالىبىيەتنىڭ جوڭگو خەلقى تەرەپىدە بولۇشى چوقۇمدۇر. دۇنيا بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا غالىبىيەت سوۋىتلەر ئىتتىفاقى باشچىلىغىدىكى تىنچلىق، خەلقچىللىق لاگېرى تەرەپىدە بولىدۇ.

# ئۇلۇغ ئوكتەبر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى كىشىلىك تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچدى

ستېپانوۋا

(تارىخ فەنلىرىنىڭ كاندىداتى)

ئىنسانىيەتنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئالدىنقى تارىخلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنياۋى - تارىخى ئەھمىيىتى بويىچە ئۇلۇغ ئوكتەبر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى بىلەن تەڭلەشتۈرۈشكە مۇمكىن بولىدىغان ھېچ قانداق بىرەر ھادىسە بولمىدى.

ئۇلۇغ ئوكتەبر ئىنقىلابىغا قەدەر ئەسىرلەر داۋامىدا ئېزىلگۈچىلەر سىنپى بىلەن ئەزگۈچىلەر سىنپى، قۇللاردا قۇل ئىگىلىرى، كرېپوستنوي (قۇل) دېھقانلار بىلەن كرېپوستنوي دېھقان ئىگىلىرى، دېھقانلار بىلەن پومېشچىكلەر (يەر ئىگىلىرى)، ئىشچىلەر بىلەن كاپىتالىستلەر ياشاپ كەلگەن ئىدى. مېھنەتكەشلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ئاممىسى، ئۆزلىرىنىڭ ئەزگۈچىلىرىگە قارشى نۇرغۇن قېتىم قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ كۈرەشتە سانسىز قەھرىمانلىقلار ۋە پىداكارانە رەۋىشتە ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىش ئىشلىرى كۆرسىتىلدى. دەھشەتلىك سىنپى كۈرەشلەردە نۇرغۇن قانلار ئاققۇزۇلدى. لېكىن ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلابلار ئۆزىنىڭ خاراكتېرى ۋە ماۋجۇت بولغان ئۆزىنىڭ ياپقال - تارىخى شارائىتلىرى بويىچە بىر - بىرىدىن مەيلى قانچىلىك پەرق قىلمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە پەقەت بىرگىنە خاراكتېرلىك بەلگۇ خاس: «ئۆتمۈشتە ئىنقىلاب پەقەت بىر گۇرۇ ئېكسپلاتاتورلار ئىدارىسىنىڭ 2 نچى بىر گۇرۇ ئېكسپلاتاتورلارنىڭ ئىدارىسىگە چىقىپ



تۇرۇن ئالماشتۇرۇشى بىلەنلا تاماملانغان. قۇللارنىڭ ئازادلىق ھەركىتى داۋامىدىمۇ ئىش ئەنە شۇنداق بولغان ئىدى. كرېپوستنوي دېھقانلارنىڭ قوزغىلىڭى دەۋرىدىمۇ، ئىش ئەنە شۇنداق بولدى. خۇددى شۇنىڭدەك ئەنگىلىيە، فرانسىيە ھەم گېرمانىيەدىكى مەشھۇر «بۈيۈك» ئىنقىلابلاردا ھەم ۋاقىئە شۇنداق بولۇپ قالدى».

(ئى. ۋ. ستالىن لېنىنىزم مەسىلىلىرى 11 - نەشر، 175 بەت).

ئۇلۇغ ئوكتەبر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى پۈتۈن بۇ ئىنقىلابلاردىن پرىنسىپ جەھەتتە ئاساسەن پەرق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپەسى - ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ بىر فورمىسىنى 2 نچى فورما بىلەن ئالماشتۇرۇش ئەمەس، ياكى ئېكسپلاتاتورلارنىڭ بىر گۇرۇھىنى 2- گۇرۇھى بىلەن تېگىشىش ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق ئېكسپلاتاتسىيەنى، ھەر قانداق زۇلۇملارنى يوقۇتۇش، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ۋە ھەر قانداق ئېكسپلاتاتورلارنى تۈپ - يىلتىزى بىلەن يوقۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.

«بولۇپمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئوكتەبر ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيەتى، ئىنسانىيەت تارىخىدا دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ تارىخى تەقدىرىدە دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئازاتلىق ھەركىتىدە كۈرەش قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۇنىڭ تەشكىل قىلىنىش فورمىلىرىدا پۈتۈن دۇنيا ئېزىلگۈچىلەر ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيالوگىيەسىدە ئاساسى بىلەن بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى بەلگۈلەيدۇ».

(ئى. ۋ. ستالىن. لېنىنىزم مەسىلىلىرى 11 - نەشر، 75 بەت)

روسىيەنىڭ ئىشچىلەر سىنپى ئېكسپلاتاتورلار سىنپىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىشى پۈتۈن مەملىكەتلەرنىڭ پرولېتارىياتلىرى بىلەن مېھنەتكەشلەر ئاممىسىغا كاپىتالىستىك قۇللۇغىدىن ئازاد بولۇشتىكى يەككە - يېگانە توغرى يول پرولېتارىيات ئىنقىلابى بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتوراسى يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



مەملىكەتلىرىدىكى پرولېتارلار ئىنقىلابى دەۋرىنى ئېچىپ بەردى.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا روسىيەنىڭ مېھنەتكەشلەر ئاممىسى مىللىي مۇستەملىكە زۇلۇم زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، دۇنيانىڭ ئېزىلگەن ئەللىرىگە مىللىي مۇستەملىكىچىلىك زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن تارىختا بىرىنچى قېتىم ھەقىقەتەن ئەركىن ۋە ھەقىقەتەن تەڭ ھوقۇقلۇق ئەللەر دەرىجىسىگە ئېرىشتى،

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى شۇنداق قىلىپ يېڭى دەۋر - پرولېتارىياتلارنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، دۇنيانىڭ ئېزىلگەن مەملىكەتلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇستەملىكىلەرنىڭ ئىنقىلابى دەۋرىنى ئېچىپ بەردى.

و. ئى. لېنىن 1916-يىلى ئۆزىنىڭ «ئىمپېرىيالىزم كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ يۇقۇرى باسقۇچى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە ئىمپېرىيالىزم چىرىپ كېتىۋاتقان، ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كاپىتالىزم بولۇپ، پرولېتارلار ئىنقىلابىنىڭ ئەرەپىسى دەپ ئىلمىي رەۋىشتە ئىسپاتلىغان ئىدى.

ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلابى ھەقىقەتەن ھەم لېنىنچە داھىيانە يوسۇندا ئالدىن كۆرۈشنى تەسدىقلىدى. ئىمپېرىيالىستىك زەنجىرنىڭ بىرىنچى ھالقا چىقىپ كەتتى. س س س ر دا ئۆز مەركىزىگە، ئەتراپىغا پرولېتارلار بىلەن پۈتۈن مەملىكەتلەردىكى ئېزىلگۈچى ئەللەرنىڭ بىرلەشكەن ئىنقىلابى فرونتىنى چىڭىلەشتۈرگەن قۇدرەتلىك ئىنقىلابى ھەركەت بازىسىنى بەرپا قىلىش بىلەن ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى كاپىتالىزمنى ھېچ قانداق تۈزۈلۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان ئۆلگىدەك زەربىگە (يارىغا) دۇچار قىلدى.

كاپىتالىزمنىڭ ھالاك بولۇش ۋاقتى يېقىن كەلدى. لېنىن شۇ بىلەن بەختلىك ۋە شۇنىڭ بىلەن مەغرۇركى، ئۇنىڭ ۋەتىنى بىرىنچى مەرتىبە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇلۇش يولىغا قاراپ ئاياق باستى.

«بىز ئۆزىمىزنى شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىپ ۋە بەختلىك دەپ ساناشقا ھەقلىمىزكى، بىر يەر شارىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىرىنچى قېتىم جاھاننى قانغا بويىغان، ئىنسانىيەتنى ئاچ يالاڭغاچلىق ۋە



ياۋايىلىق گىرداۋىغا ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ئالدىدىكى كۆرسىتىۋاتقان شىددەتلىك قەھرى مەيلى قانچىلىك ياۋايى ھايۋاندەك بولمىسۇن بەرىبىر شەكسىز بەھسىز تېزدىن ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغان ياۋايى ھايۋان - كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇق».

( و. ئى. لېنىن ئەسەرلىرى 23-توم. 3-نەشرى، 109-بەت )

لېنىن - ستالىن پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلغان روسىيە ئىشچىلەر سىنىپى تارىختا بىرىنچى قېتىم ماركسنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتوراسى ھەققىدىكى، كاپىتالىزمنى دەپنە قىلغۇچى ۋە يېڭىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىجادچىسى، بولغان پرولېتارىياتنىڭ دۇنياۋى تارىخى ۋەزىپەسى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى تۇرمۇشقا ئۆزلەشتۈردى.

روسىيە پرولېتارىياتىنىڭ 1917-يىل ئوكتەبىردىكى دۇنياۋى تارىخى غالىبىيىتى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ بۈيۈك غالىبىيىتى ۋە لېنىن - ستالىن پارتىيەسىنىڭ غالىبىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ماركسنىڭ ئۇلۇغ تەلىماتىغا ئۆزىنىڭ ئىخلاسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ھەمدە ماركسىزمنىڭ جەۋھەرلىرىنى، يېڭى تارىخى دەۋرنىڭ تەجرىبىسى ئاساسىدا بېيىتىۋاتقان لېنىن - ستالىن پارتىيەسى، روسىيەنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنى دۇنياۋى، تارىخى غالىبىيەتكە ئېلىپ كەلدى. ئۆزىنى ماركسچە دەپ ئاتىغان، لېكىن ھەقىقەتتە ماركسىزمغا خىيانەت قىلغان 2-ئىنتېرناتسىيونال پارتىيەسى، ئوپپورتونىزم پاتقىقىغا چوكۇپ ئىپلاس بولدى.

ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنى بىر ئۇچى يوق خالتا كوچىغا ئېلىپ كېلىپ گاڭگىرىتىپ قويدى، ھەمدە ئۇنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئادىشىپ قېلىشقا دۇچار قىلدى.

ئۆزىنى سوتسىيالىستىك دەپ ئاتىغان بۇ پارتىيە ھەقىقەتتە پۈتۈن كۈچىنى كاپىتالىستىك ياللانما قۇللۇقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى يانا مەڭگۈلەشتۈرۈشكە قاراتقان ئىدى. ئۇ زىنىڭ مەيدانىغا چىقىشىدىكى ۋاقىتلىرى بىلەن ماركسىزمنىڭ ئۇلۇغ غالىبىيەتىنى ئىپادە قىلغان پرولېتارىيات دىكتاتوراسى ئاساسىدىكى

مەملىكەت دۇنيادا بىرىنچى قېتىم تۇغۇلغان ۋاقتىدا «سوتسىيال دېموكراتىيەنىڭ» ئەزەربەيچىلىرى ئۇلارنى ئىمپېرىيالىستىك بۇرژۇئازىيەنىڭ ئاگېنتلىرى سۈپىتىدە ئاشكارا قىلىپ غالجىرلەرچە ۋەھشىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى.

تارىخ، سوتسىيال دېموكراتىيىزمنىڭ، كاپىتالىزمنىڭ باش مەفكۇرەۋى ئاپاچىسى ئىكەنلىكىنى، ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى سوتسىيال دېموكراتىيىزمنى تۈگەتمەستىن تۇرۇپ، كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپات قىلدى. شۇنىڭدەك تارىخ، ماركسىزمنىڭ بىردىن-بىر تەرغىباتچىسى ھەم داۋامچىسى بولغان لېنىنىزم ئىمپېرىيالىزم ۋە پرولېتارلار ئىنقىلابى دەۋرىنىڭ ماركسىزمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

«ئۇكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتى ئۇنىڭدىن ئاشقىرى يانا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە لېنىنىزمنىڭ جاھان ئىشچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىدىكى سوتسىيال، دېموكراتىيىزم ئۈستىدىكى مۇقەررەر غالىبىيىتىنى ئىپادە قىلىدۇ».

(ئى. ۋ. ستالىن لېنىنىزم مەسىلىلىرى، 11- نەشر، 182- بەت).

ئۆزىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن رەھبەرلىكى بىلەن 1917- يىلدىكى غالىبىيەتنى تەمىن ئەتكەن لېنىن-ستالىن پارتىيەسى سوۋېت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ سىنالمىغان يوللىرىدا ئېلىپ ماڭدى. ستالىننىڭ داھىيانە يېتەكچىلىكى ئاستىدا سوۋېت خەلقى ئەڭ قىسقا بىر تارىخى جەريان ئىچىدە ئۆزىگە مىراس قالغان تېخنىكاسى ناھايىتى قالاق، ۋەيران بولغان بىر مەملىكەتنى قۇدرەتلىك سانائەتلەشكەن سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى.

س س س ر دە بىرىنچى قېتىم تەنتەنە قىلغان سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئىلگىرىكى ئىجتىمائى ئىقتىسادى تۈزۈملەردىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. تارىخى تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرى باسقۇچلىرىدا، روسىيەدە ھۆكۈمرانلار بىلەن مەھكۇملار ئوتتۇرىسىدا ئېزىش-ئېزىلىش يۈز كۆزلىۋاتقان بىر چاغدا، ئاھالىنىڭ كۆپچۈلىكى قاتتىق ئەمگەك قىلىشقا ۋە ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەھكۇم ئىدى. ئۇلار ئۆز ئەمگىكى بىلەن



ئۈستۈن تەبىقەدىكى سىنىپلارنىڭ بايلىقىنى كۆپەيتەر ئىدى. سوۋېت خەلقى مانا بۇنداق جەمئىيەت تەرتىپلىرىنى مەڭگۈ تۈگەتتى. سوتسىيالىستىك تۈزۈم زامانىدا پۈتۈن بايلىقلارنى يارىتىپ پۈتۈن جەمئىيەتنى ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كىيىم كېچەك بىلەن تەمىن قىلىۋاتقان كىشىلەر مەملىكەتنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت بايلىقىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى. ئەگەردە بۇ ھەرانچىلىق، ئىشسىزلىق، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ نامراتچىلىقى كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى ھېساپلىنىدىغان بولسا، سوتسىيالىستىك خەلق خوجالىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىدا خەلقنىڭ پاراۋانچىلىقىنى توختاۋسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇستەھكەم قانۇنىيىتىدۇر.

سوۋېت خەلقى ئىجادچى، تەبىئەتنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچى باھادىر خەلق بولۇپ، تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرماقتا. چۆل-باياۋانلارنى باغ بوستانلىققا ئايلاندۇرماقتا. تەبىئەت كۈچلىرىنى ئەمگەكچىلەر خىزمىتىگە سالماقتا.

ستالىننىڭ دانىشمەنلىكى «ھەر كىمدىن ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ، ھەر بىر كىشىگە ئۆزىنىڭ ئەمگىكىگە يارىشا» دېگەن پىرىنسىپلار ھۆكۈم سۈرىۋاتقان كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى پايىسىدىن «ھەر كىمدىن ئۆز قابىلىيىتىگە قاراپ ھەر بىر كىشىگە ئۆز ئېھتىياجىغا يارىشا» دېگەن پىرىنسىپلار ھۆكۈم سۈرىدىغان كوممۇنىزمنىڭ ئىككىنچى پايىسىغا ئۆتۈش يولىنى سوۋېت خەلقىگە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا سوتسىيالىزم مەملىكىتىنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىن بولسۇن، سىياسى جەھەتتىن بولسۇن، مەدەنى جەھەتتىن بولسۇن بۈيۈك ئۈستۈنلۈكى بارغانسېرى روشەنرەك كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

بۇ ئۈستۈنلۈك سوۋېت خەلقىنىڭ فاشىست باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى ۋاقتىدا ئوچۇق كۆرۈندى. غەربى ياۋروپا مەملىكەتلىرىدە غالىبىيەتلىك مارشقا دەسسىگەن ئەڭ ياخشى نېمىس ئارمىيەسى س س س ر تېررىتورىيەسىدە ئۆز گورىنى تاپتى. سوۋېت خەلقى ۋە سوۋېت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قەرەمەس، يالغۇز سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنى فاشىست باسقۇنچىلىرىدىن ئازاد قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ياۋروپا خەلقلىرىنى فاشىستلار بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇردى. جاھان مەدەنىيىتىنى فاشىست بۇزغۇنچىلىرىدىن خالاس قىلدى.

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن، بىر قانچە يېڭى دەۋلەتلەر جاھانگىرلىك تۈزۈمىدىن چىقتى. بولغارىيە، پولشا، رومىنىيە، چېخوسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە، ئالبانىيە قاتارلىق خەلق دېموكراتىيە مەملىكەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىغا كىرىشتى، بۇ مەملىكەت ئەمگەكچىلىرى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دەۋلەتنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان دوستلۇقى ۋە ئۇلارغا بەرگەن ياردىمىنىڭ قانداق بىباھا ھەل قىلغۇچى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

گومىنداڭنىڭ تەتۈر ھەرىكەتچىلىرى بىلەن جاھانگىرلار بويۇنتۇرۇقىنى مەڭگۈگە يوقۇتۇپ، يېڭى خەلقچىل جۇڭگو قۇرۇش يولىغا كىرگەن جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبىسى دۇنياۋى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆز تەلىملىرىنى ئۆز قولىغا ئالغان خەلقلەر لېنىن-ستالىننىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدە جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنلىرىنىڭ، كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش يوللىرىنىڭ بىلىمىنى ئالماقتا. تۇرمۇش قايتا-قايتا ئىسپات قىلماقتىكى، بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ تەجرىبىسى، سوۋېت دەۋلىتىنىڭ تەجرىبىسى يەرلىك، مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماستىن، بەلكى «بولشېۋىزىم ھەممە ئۈچۈن تاكتىكا نەمۇنەسى سۈپىتىدە يارايدۇ» (لېنىن) دېگەن خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە.

پۈتۈن دۇنيادىكى سوتسىيالىزم ھەم دېموكراتىيە كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ماركس-ئېنگېلس-لېنىن-ستالىن ئىدىيەلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى، سەپەربەرلىككە كەلتۈرگۈچى رولى ئۆسۈپ بارماقتا. 1950-يىلى بارلىق مەملىكەتلەرنىڭ كوممۇنىستىك ۋە ئىنقىلابىي پارتىيەلەر سېپىدىكىلەرنىڭ سانى 25 مىليوندىن ئاشقان. كوممۇنىستلار ھەم ئىشچىلار پارتىيەلىرى ھازىر سوتسىيالىزم قۇرۇش



يولىغا ئۆتكەن مەملىكەتلەردە رەھبەرى پارتىيە بولۇپ ھېساپلانماقتا. ئۇ مەملىكەتلەردە دەۋلەتلىك يولباشچىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ئەمگەكچى ئالدىنقى سىنىپقا - پرولېتارىياتقا تېگىشلىكتۇر.

تارىخى تەرەققىياتنىڭ بارلىق يۈرۈشى شۇنى ئىسپات قىلدىكى، بۇرژۇئازىيە ئەمدى جەمئىيەتكە يولباشچىلىق قىلىشقا قادىر ئەمەس. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئالغا بېسىش ئۈچۈن چىداش بېرەلمەيدىغان تورمۇزغا ئايلاندى.

ماركس يازغاندەك، ئەگەر كاپىتالىزم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇش دەۋرىدە ئۆز يېنىڭ ھەممە ۋاقتلىرىدا قان ھەم ئىفلاسلىقلىرىنى چاقارغان بولسا، چىرىۋاتقان كاپىتالىزم، ئۆلۈۋاتقان كاپىتالىزم پۈتۈن دۇنيانى قانغا غەرق قىلىشقا ئىنتىلىدۇ.

دۇنياغا خوجا بولۇش گىتلەرچى خام خىيالغا مۇپتىلا بولغان ئاق شىر جاھانگىر يىرتقۇچلىرى ئىنسانىيەتكە ئاتوم بومبىسى بىلەن، گىدروگېن بومبىسى بىلەن، باكتېرىيولوگىيە ئۇرۇشى بىلەن خەۋپ سالماقتا. ئۇلار ھۆررىيەت پەرۋەر كورېيە خەلقىگە قارشى تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىغان بولۇپ، جاھانگىر ئادەمخورلىرىنىڭ قانداق ياۋۇز جىنايەتلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتمەكتە.

لېكىن خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچى سۆزلىرىنى ئېيتماقتا. دۇنيانىڭ بارلىق مەملىكەتلىرىدە يېڭى جاھانگىرلىك ئۇرۇش ئوتىنى ياققۇچىلارغا قارشى قەھرى-غەزەپلەر ئۆسمەكتە. تىنچلىق تەرەپدارلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكىتى قانات يايماقتا. تىنچلىق پەرۋەر ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دەۋلەت ۋە ئۇنىڭ دانىشمەن داھىيسى يولداش ستالىن بۇ ھەرىكەتنىڭ تۇبروگى ۋە ئىشەنچىدۇر.

پۈتۈن دۇنيادىكى ئاددى كىشىلەر سوتسىيالىزمسىز ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېھتىياجلىق يوق ئىكەنلىكىگە، يېڭى قىرغىنچىلىق ئۇرۇش خەۋپىدىن، ئىشسىزلىق دەھشەتلىرىدىن - مىللىي ئاسارەتتىن پەقەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىغا بارغانسېرى چۈشەنمەكتە.

بۈيۈك ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۆتكەن ئوتتۇز ئۈچ يىل، ئىككى تەرەققىيات يولىنى: بىرىنچى تەرەپتىن بارغانسېرى ھالاكەتكە يېقىنلىشىۋاتقان كاپىتالىزم يولىنى، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆسۈۋاتقان سوتسىيالىزم دۇنياسىنىڭ يولىنى كۆرسەتمەكتە. تىنچلىق دېموكراتىيە سوتسىيالىزم لاگېرى ئۆسمەكتە ۋە مۇستەھكەملەنمەكتە.

بۈيۈك ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى دەۋرگە ئاساس سالدى. ئىنسانىيەتنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان يولدا ئىلگىرى سىلجىشى ناھايىتى تېزلاشماقتا.

---

# ماۋزېدۇڭ بايرىغى ئاستىدا غالىبىيەت بىلەن ئالغا باسايلى

بورھان شەھىدى

بۈگۈن پۈتۈن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەر بىر مىللەتلەردىن ئىبارەت بولغان 400 مىليون خەلقلەر، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ غالچىسى بولغان گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، دۆلىتىمىز ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد بولۇپ، مۇستەقىل، دېموكراتىك، تىنچ، بىرلەشكەن ھەم ئاباد بولغان يېڭى دۆلەت - جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغىنىغا بىر يىل توشۇش مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ بايرام قىلماقتا. بۇ، نەچچە مىڭ يىللار بويى ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەرنىڭ، ئەكسىيەتچىلەر بىلەن ئىلغار ئادەملەرنىڭ، ئەكسىل ئىنقىلابچىلار بىلەن ئىنقىلابچىلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن كۈرەشلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيەسى ۋە دانا رەھبىرىمىز رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا 30 يىل مابەينىدە شانلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قەھرىمانانە قىلغان كۈرەشى ئارقىسىدا قولغا كەلگەن تارىخى بۈيۈك، شەرەپلىك غالىبىيەتتۇر. شۇڭلاشقا بۈگۈن دۆلىتىمىزنىڭ ھەر بىر بۇرجىكىدە ئازادلىققا چىققان خەلقلەر، قانچىلىك چەكسىز خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلىسە، ئۆلكىمىزدىكى 5 مىليوندىن ئارتۇق 13 مىللەت خەلقلىرىمىز ھەم شۇنچىلىك خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ چوڭ داغ - دۇغىلىق بىلەن بايرام قىلماقتا. چۈنكى؛ قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپ تەرىپىدىن قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرۇلۇپ، قېنى شورۇ

لوپ، مىللىي زىددىيەتلەر، ئىغۋا - پىتنىلەر ئارقىسىدا ئاكا - ئۇ
كا مىللەتلەر بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈپ، دۈشمەنلىشىپ، بىر كۈن
تىنچ راھەت تۇرمۇش كۆرەلمەي كەلگەن ئىدى. ئەنە شۇ
خەلقنىڭ ئۈستىنى قارا قۇشلاردەك بېسىپ ئالغان تەتۈر ھەرىكەت
چى ھاكىمىيەت ئۇنىڭ مۇستەبىت، زەھەرلىك مۇستەملىكىچى-
لىك سىياسىتى ئۆلكىمىزدىن ئەبەدىي كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ يىلتىزى
كېسىلىپ، بارلىق مىللەتلەر ئالدىدا دوستلۇق، مۇھەببەتلىك يار
لاق تۇرمۇشنىڭ يوللىرى ئېچىلىشقا بىر يىل تولۇش بىلەن بۇ
كۈننى ئۆلكىمىزدىكى 13 مىللەت بارلىق خەلقلەر تەبىئىي خۇر
سەنلىك بىلەن بايرام قىلىدۇ. ئۆتكەن يىل ئۆلكىمىز تىنچلىق
بىلەن ئازاد بولۇپ، جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇ
لۇش مۇناسىۋىتى بىلەن قىلىنغان چوڭ يىغىندا، خەلق مىنلى كۆ
رۈلمىگەن خۇرسەنلىكىنى مانا شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرسەتكەن
ئىدى. ئەمسە مانا مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە خەلق مەنپەئەتى ئۈ
چۈن خېلى ئىشلار ئىشلەندى. ئامىمىنىڭ سىياسىي، سىنپىي ئاڭ
ئۆستى. مىللەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق، مۇھەببەت ھەمكار
لىقلىرىنىڭ ئىلگىرى كۈچەيدى. جۇڭگو - سوۋېت ئىككى بۇ
يۈك دۆلەت ئارىسىدا ئەبەدىي يوقۇلماسلىق دوستلۇق، ئىتتى
پاقلىق ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىش توغرىسىدا قىلىنغان شەرتنامە
ۋە توختاملاردىن كېيىن بىزنىڭ ئۆلكىمىزدە رەڭلىك مېتال ھەم
نېفىت ئىككى چوڭ شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن توختام ئىمزا
لاندى. مانا بۇلار ئازاد بولغاندىن كېيىنكى بىر يىلنىڭ قازانغان
ئۇتۇقلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر.

گومىنداڭ تەتۈر ھەرىكەتچى ھاكىمىيەت ۋاقتىدا ئۆلكىمىز
بىرلىككە كەلمەي، خوشنىمىز بۈيۈك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن
ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈش ئارقىسىدا، ئۆلكىمىزنىڭ ئىق
تىسادىي پارچىلىنىشقا چۈشۈپ، خەلق تۇرمۇشى زاھايىتى
ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ئۆلكىمىز
بىرلىككە كەلدى. دوستىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن 6 يىل
بويىچە كېسىلىپ تۇرغان سودا مۇناسىۋىتى باشلاندى. خەلق
قولىدا چىرىپ ياتقان خام ماللارغا يول ئېچىلدى. خەلقنىڭ
كۈندىلىك تۇرمۇشىغا لازىم بولغان نەرسىلەر، ماللار كېلىشكە



باشلىدى. شۇنىڭدەك ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسى
ۋەت كۆپچىلىك خەلق مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق ئەمەلىي ئەھۋالغا چۈ
شۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا لازىم بولغان نەرسىلەر بىلەن ئالمى-
شىش باشلاندى. بۇ بىرىنچىسى.

2- دىن گومىنداڭ تەتۈر ھەرىكەتچىلەر ۋاقتىدا نامى كار
خانا، ھەقىقەتتە ئۇلارنىڭ بىر مۇنچە ئادەملىرىگە تاماق تې
پىپ بېرىدىغان، بىرنەچچە زاۋۇتلار، خوزراسچوت ھېسابىغا سې
لىنىپ، ئىشلەپ چىقىرىش مەھسۇلاتى كۆپەيتىلدى. خىراجىتى كې
مەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇندىن ئىشسىزلىك ئارقىسىدا ئىقتىسادىي
قىيىنچىلىققا چۈشكەن ئەمگەكچى خەلقلىرىمىزگە ئىش قىلىش مەي
دانى ئېچىلدى. 3 ۋىلايەت ۋە دوستىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقى
بىلەن قاتناش يولىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان، گومىنداڭ تە
تۈر ھەرىكەتچى ھاكىمىيەت بۇزدۇرۇۋەتكەن ماناس دەرياسى
نىڭ كۆۋرۈكى ۋە باشقا يوللار ئىشلىنىپ، قاتناش ئىشى يول
غا سېلىندى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەمىز ئۆلكىمىزگە كەلگەندىن
كېيىن قىزغىن ئەمگەك قىلىش روھى بىلەن باشقىلارغا نەمۇنە بول
دى. ئەمگەكنىڭ شەرەپلىك بولۇشىنى كۆپ ئادەملەرگە تونۇت
تى. ئىشلەپ چىقىرىش ئىشلىرىغا كەڭ كۆلەمدە كىرىشىپ 850
مىڭ مو يەرنى تېرىلغۇغا ئايلاندۇردى. كونا ئۆستەڭلەرنى
تۈزىتىپ، يېڭى ئۆستەڭلەر ئېچىپ، ئۇنىڭدىن چىققان سۇ
بىلەن 520 مىڭ مو يەرنى سۇغۇرۇشقا مۇمكىن بولدى، مانا مۇ
شۇنداق ئىشلەپ چىقىرىش ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى، ئۆلكىمىزنىڭ بە
ختلىك پارلاق ئىستىقبالغا چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا قاراپ ماڭغان
لىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئۆلكىمىزنىڭ مۇشۇنداق جۇڭگو كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە
لا، بەختلىك پارلاق تۇرمۇشقا قاراپ مېڭىشىغا قېنى قىينىغان
گومىنداڭ تەتۈر ھەرىكەتچىلىرىنىڭ قالدۇق ئىشپىيونلىرى، ئامېرى
كا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ جاسۇسلىرى - قۇيرۇقلىرى ھەر
تۈرلۈك ئىغۋا - پىتنىلەر تارقىتىپ، تەتۈر ھەرىكەتچى ئۇنسۇر
لار بىلەن بىرلىشىپ، بانديتلىق ھەرىكەت يۈرگۈزۈپ تىنچلىقىمىز
نى بۇزۇشقا ئورۇنۇپ ياتقان بولسىمۇ، خەلق كۈچى ئالدى
دا تار - مار بولدى. ئۆتكەن يىل جۇڭگو خەلق سىياسى

كېڭەش مەجلىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا دانا رەھبىرىمىز رەئىس
ماۋزېدۇڭ: «جاھانگىرلەر وە مەملىكەتىمىز ئىچىدىكى تەتۈر ھەر
كەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ھەرگىز رازى بولماي
دۇ. ئۇلار يانا ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىشنى قىلىدۇ. پۈتۈن
مەملىكەتىمىزدە تىنچلىق وە تەرتىپ بەرپا قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ
لار يانا ئوغرىلۇق شەكلىدە بۇزغۇنچىلۇق وە قالايمىقانچىلىق تۇغ
دۇرۇش ئىشلىرىغا كىرىشىپ، ھەر كۈنى ھەر سائەتتە دېگىدەك
جوڭگودا يانا قايتىدىن ئىش بېشىغا چىقىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭ
بولۇشى مۇقەررەر دۇر وە شۈبھەسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز
ھوشيارلىقىمىزنى بوشاشتۇرماسلىقىمىز لازىم» دەپ ئېيتقان ئىدى.
يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىدەك ئۆلكىمىزدە بىۋاستە ئامېرىكا جاھانگىر
لىرىنىڭ ئىشپىيونى سابىق موئاۋىن كونسۇلى ماكنان (مەككەر)
رەھبەرلىكى ئاستىدا باندىت ئوسمان، جانىمقان، يولبارس،
ئورازباي وە باشقىلارنىڭ باندىتلىق تەتۈر ھەرىكىتى تار-
مار بولغان بولسىمۇ، ئەمدى يانا مۇنداق ئىش بولمايدۇ دەپ
ئېيتقىلى مۇمكىن بولمايدۇ. دانا رەھبىرىمىز رەئىس ماۋزې
دۇڭنىڭ بىزگە كۆرسەتكىنىدەك «ئۆز ھوشيارلىقىمىزنى بوشاش
تۇرماسلىقىمىز لازىم». ئۇنداق تەتۈر ھەرىكەتچى، بۇزغۇنچىلار
نىڭ زىيانداشلىق ھەرىكەتلىرىنى تار-مار قىلىش ئۈچۈن ھازىر
بولۇشىمىز كېرەك. بارلىق مىللەت خەلقلىرى بىرلىك سەپنى چىڭى
تىپ، جوڭگو كومپارتىيەسى، مەركەزى خەلق ھۆكۈمىتى رەھ
بىرى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ خەلق دې
موكراتىيەسىنىڭ دىكتاتۇراسىنى مۇستەھكەملەشكە، ئالدىمىزدا
تۇرغان چوڭ ئىقتىسادى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈ
چۈن كۈرەشىشىمىز كېرەك. بۈيۈك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشچى
لىقىدا بولغان دۇنيا تىنچلىق، دېموكراتىك لاگېرىنى كۈچەيتىپ،
ئۇرۇش ئوتى يېقىۋاتقان ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىگە زەر
بە بېرىشىمىز كېرەك. بىلىش كېرەككى: «ئىجتىمائى تەرەققىيات
قانۇنىيىتى ھەرقانداق ئادەم بۇيرۇقى، ئازكى، ئارزۇيىلەن،
تېپ ... توسالمايدۇ. ئەگەر جاھانگىرلەر يانا ئۇرۇش ئوتىنى
ياقىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ سەپداشلىرى گېرمانىيە فاشىستلىرى،
ياپونىيە جاھانگىرلىرىگە بولغان تەقدىرنىڭ ئاقىبىتىنى قوچاقلاپ



ئۇلارغا بولغان ھالاكەت تەقدىرىدىن ئىچىمۇ دەھشەتلىك بول
غان تەقدىرگە دۇچار بولۇپ يەر يۈزىدىن مۇنقەرز بولۇش
لىرىغا ھېچ شەك-شۈبھە يوقتۇر. تارىخ بىزگە شۇنى كۆر
سەتتى، ئۇنى بىزگە ئىسپاتلايدۇ. دانا رەھبىرىمىز رەئىس ماۋ
زېدۇڭنىڭ: «ئالدىمىزدا كۆپ قىيىنچىلىقلار بار، لېكىن بارلىق قىيىن
چىلىقلارنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ پىداكارانە كۆرەشى
نەتىجەسىدە يېڭەلەيدىغانلىقىمىزغا تەھقىق ئىشىنىمىز» دېگىنىدەك،
بىز بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ چىقىپ مەدەنىيىتى يۈكسەك سەنا
ئىتى ئۈستۈن، خەلقى بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولغان يېڭى
جوڭگو، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بىزلەر رە
ئىس ماۋزېدۇڭ بايرىقى ئاستىدا يېڭى غەلىبەلەر ئۈچۈن
ئالغا باسايلى!

ياشىسۇن جوڭخوا خەلق جۇمھۇرىيەتى!
ياشىسۇن جوڭگو كومپارتىيەسى!
ياشىسۇن بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقى، دوستلۇقى، مۇھەب
بىتى، ھەمكارلىقى!
ياشىسۇن جوڭگو-سوۋېت ئىككى دەۋلەتنىڭ وە خەلقلىرى
نىڭ ئەبەدى دوستلۇقى، ھەمكارلىقى!
ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ دانا رەھبىرى رەئىس ماۋزېدۇڭ!
ياشىسۇن پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئۇستازى وە رەھبىرى
گېنېرال لىسىموس ستالىن!

———

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

10 - نويابىر كۈنى غەربىي زالدا ئېچىلغان دوستىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئەتچىلىرىنى قارشى ئېلىش يىغىنىدا.

# يولداش سەيفىدىن ئەزىزىنىڭ سۆزلىگەن نۇتقى.

يولداشلار! بىز بۈگۈن دوستىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنى قارشى ئالماقتىمىز. بۇ مەھمانلارنىڭ بىزنىڭ ئۆلكىمىزگە كېلىپ يېڭىدىن ئازادلىققا چىققان خەلقىمىزنىڭ ھالىنى سوراش ۋە بۈيۈك سوۋېت سەنئىتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن خەلقىمىزنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆلكىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئالاھىدە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، بىرىنچىدىن: بۇ ئىناق دوستانە سەمىمىي ئۇچرىشىش بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ تارىخىدا بىرىنچى قېتىم بولماقتا. 2 - دىن بۇ ئۇچرىشىش جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن سوۋېت ئوتتۇرا ئازىياسىدا ياشىغۇچى ئۆزبېك ۋە قازاق خەلقلىرى ۋە باشقا ئازاد قېرىنداش خەلق بىلەن ئۆلكىمىز شىنجاڭدا ياشىغۇچى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن دوستلۇق ئۈمۈتلىشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكۈچى، ئىنسانلارنىڭ بىرلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ خەلقىمىز بۇ مەھمانلارنىڭ چەكسىز قەدىمىگە چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەن پۈتۈن خەلقىمىزگە ۋاكالىتەن كۆپ ئەزىيەت تارتىپ كەلگەن قەدىرلىك مەھمانلىرىمىزغا بىزنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن چوڭ خەيرى-خالىقلىقان بۇ ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ۋە شەخسەن ئۇلۇغ داھى يولداش ستالىنغا چوڭقۇر ئىھتىرام ۋە تەشەككۇرلەر بايان قىلىمەن.

بىزنىڭ خەلقىمىز ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى، بۈگۈن جۇڭگو سوۋېت ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ سەمىمىي دوستلۇقىنى ۋە بە



دوستلۇقنىڭ كۈندىن كۈنگە مۇستەھكەملىنىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرمەكتە. بۇ دوستلۇق بار دوستلۇق ئەمەس، ھەقىقەتەن بۇ دوستلۇقنىڭ ئەمەلدە ئىجرا قىلىنىشىغا بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە خەلق تىلىكىگە قارشى بولغان ۋە جاھانگىرلەرنىڭ قويرۇقى بولغان گومىنداڭنىڭ مۇستەبىد ھۆكۈمدارلىرى توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن ئىدى. پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۇ مۇستەبىدلارچىل ھاكىمىيەتىدىن ئازاد بولۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىگە - جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ بارلىق تىلەكلىرى جۈملىدىن بۈيۈك سوۋېت خەلقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىككىلەش تىلىكىگىمۇ كەڭ يول ئېچىلدى. پۈتۈن بىزنىڭ خەلقىمىز ئەمەلىيدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي خىزمەتلىرىدە يېقىن ياردەمچى ۋە سادىق يولدىشى بولغان بۈيۈك سوۋېت خەلقى بىلەن ئەبەدىي دوستلۇقنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن پەخىرلىنىدۇ. سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇق توختامى ۋە كېلىشىمى ئىمزالانغانلىقىغا تېخى بىر يىل بولماي تۇرۇپ، شۇ توختامغا بىنائەن بىزنىڭ خەلقىمىز سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ ھەر ساھەدىكى چوڭ ياردىمى ۋە خەير - خالىقىغا ئىگە بولماقتا. بۈگۈنكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۆلكىمىز شىنجاڭغا كېلىشىمۇ بۇنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىياتى - سەنئىتى، مەدەنىيىتى - تېخى تولۇق ئېچىلمىغان بىر باي غەزىنىدۇر. بۇ غەزىنىنى ئەجەب سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلغار سەنئەت ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ پۈتۈن دۆلەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ۋە ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بۇ خېلى قىيىن خىزمەت. بۇنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چىقىش ئۈچۈن بىزنىڭ خەلقىمىز، سوۋېت خەلقىنىڭ ياردىمىگە ئەمەلىي بۈگۈن كىشىلىكنىڭ ئەڭ توغرى پەزىلەتلىرى سۈپىتىدە ماۋجۇت بولغان [illegible] گە خىزمەت قىلىدىغان سوتسىيالىستىك سوۋېتلەر مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات ۋە سەنئىتىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئۆلكىمىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قان قېرىنداش بولغان سوۋېت ئوتتۇرا ئازىياسىدىكى قازاق، ئۆزبېك، ئۇيغۇر،

قىرغىز وە باشقا خەلقلەرنىڭ چوڭ ئوتۇقلار بىلەن راۋاجلانغان شەكلى مىللى، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتى، ئەدەبىياتى وە سەنئىتىنىڭ ياردىمى بىزنىڭ ئۆلكە خەلقىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات سەنئىتىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ توغرى خىسلەتلىرىنى ئىنقىلابى ئورنىتىپ ئەزەردىن راۋاجلاندۇرۇش وە يىڭى دىموكراتىيەلىك ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى وە سەنئىتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئولچەم زەرۇر دۇر. بىزنىڭ خەلقىمىز بۇ كۈن بۇ ياردەمدىن پايدىلىنىش پۇرسەتىگە ئىگە بولدى. دىمەك بۇ ساھەدىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ وە شەخسەن داھىمىز ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، دوستىمىز سوۋېت خەلقىنىڭ ياردىمىدە، چوڭ غالىبىيەتلەرگە ئېرىشىمىز چوقۇم.

جۇڭگو - سوۋېت 2 دەۋلەتنىڭ وە بۇ ئىككى دەۋلەت خەلقىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ئەمەلى دوستلىقى يالغۇز جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن (قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئىشلەپ چىقىرىش، مەدەنىيەت وە باشقىلار) جەھەتىدىنلا ئالاھىدە ئەھەمىيەتلىك بولۇپ قالماستىن، دۇنيا تىنچلىقى ھەم دىموكراتىيەسى ئۈچۈن وە سوتسىيالىزم سەپىنىڭ بىرلىشىپ ئالغا بېسىشىمۇ چوڭ ئەھەمىيەتلىك بولغانلىقىدا شەك يوق. 700 مىليون مقداردىكى بۇ بۈيۈك خەلقنىڭ وە جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دەۋلەتنىڭ ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن ئىتتىپاق يولداش مولوتوف ئېيتقىنىدەك: «بۈتۈن تىنچلىقنى مۇستەھكەملەش ئىشىدا قۇۋەتلىك كۈچ بولغان سوۋېت - جۇڭگو دوستلىقى ئەكس ئېتىدۇ. بۇ، بولسا كىشىلىك تارىخىدا يوق ھەم بولمىغان بىر ئىشدۇر. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقى ئوتتۇرىسىدا يەنى دۇنيادىكى بۇ چوڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن جاھانگىرلىككە قارشى مەھكەم ئىتتىپاقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن دۇنيا تىنچلىق لاگېرى، دۇنيا دىموكراتىيەسى وە سوتسىيالىزمنىڭ بۈيۈك كۈچگە ئايلاندى» دۇنياغا سوقۇش ئوتىنى ياقۇچى وە دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇش خام خىيالىدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىرى وە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ تەجاۋۇز قانلىق ھەركەتىگە قارشى بۇ بۈيۈك كۈچ وە پۈتۈن دۇنيا تىنچلىق تەرەپدارلىرىنىڭ كۈچى ئەلبەتتە زەربە بېرگۈسى. سوقۇش



پەرەستلەر، خەلق جىنايەتچىلىرى، خەلق قېنىنى تۆككۈچى جاھانگىرلەر ئۆزىنىڭ جىنايەتلىك قىلمىشى بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋاپكار ئەلبەتتە.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابى غالىبىيەتى بىلەن يىڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن ئازىيا خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلابى ھەركەتلىرىنى بۇزۇش مەقسەدى بىلەن، ۋيېتنامدا فرانسوز جاھانگىرلىرى ئارقىلىق، ھىندونوزىيەدە گوللاندىيە پاسىپچىلىرى ئارقىلىق بىر گوزوۋاتقان فاجىئەلىك ھەركىتىنىڭ ئۈستىگە جىنايەتكارلىق بىلەن كورىيە خەلقىنىڭ ئۈستىگە قانلىق سوقۇش ئوتىنى ياقتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ترومىن جۇڭگو خەلقىنىڭ جىنايەتچىسى خائىن جاڭ كەيشىنى يولەش مەقسىتى بىلەن پورموزىغا ھەربى دېڭىز قىسىملىرىنى كەلتۈردى. بۇ بولسا ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ خەلق ئارا قانۇنى يەنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى قانۇنى 2 - تارماقىدىكى «ھەربىر ئەزا دەۋلەتلەر خەلق ئارا مۇناسىۋەت جەھەتىدە ھەرگىز قورالىق ياكى بىرلەشكەن دەۋلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى مەقسىتىگە ماسلاشمايدىغان ھەر قانداق چارە ئارقىلىق ئەزا دەۋلەت ياكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە يەنى سىياسى مۇستەقىللىكىگە تەجاۋۇزچىلىق قىلىشقا يول قويمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن ئاساسلارنى خىيانەتكارلىق بىلەن بۇزغانلىقىنى كۆرسەتىدۇ.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ بۇ جىنايەتكار ھەركىتى دۇنيا تىنچلىق پەرۋەر ئەللەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلار تىنچلىق وە سوقۇشنى توختۇتۇش توغرىسىدىكى تورلۇك تەلەپلىرىگە قارىماستىن كورىيە خەلقىنى وەھشىلەرچە قىرىشنى داۋام قىلدۇردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى وەكىلى باشلىق 5 دۆلەت وەكىلىنىڭ كورىيە مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدىكى ھەققانى وە توغرى تەكلىپىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ئۆز ماناپولىيەسى ئاستىدا داۋام قىلغان بىرلەشكەن دەۋلەتلەر تەشكىلاتى باش ئاسامبىلىيەسىنىڭ بۇ قېتىمقى سېسسىيەسىدە رەد قىلىپ، كورىيەدە قانلىق تەجاۋۇزچىلىقىنى داۋام قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى تەستىقلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئامېرىكا جاھانگىرلىرى باسقۇنچىلىق سوقۇشىنى تېخىمۇ فاجىئەلىك رەۋىشتە داۋام قىلدۇرۇپ، كورېيە خەلقىنى ۋەھشىيلەرچە قىرىشنى كۈچەيتتى. ئۇلار سېئۇل شەھرىنى يېڭىدىن ئالغاندىن كېيىن، بۇ شەھەرنى، قالدۇق بىر ۋەيرانە بولۇپ قالدۇردى. بىر ئامېرىكا ئۈچۈن 25 كورېيەلىكنى ئۆلتۈرۈش دېگەن چاقىرىق ئاستىدا، شەھەر خەلقىنى ھەتتا كۆدەك بالىلارنى ۋەھشىيلەرچە قىردى. ئىمارەتلەرگە، مەدەنىي يورتلارغا ئوت قويدى. جاللاد ماكئارتۇرنىڭ «سېئۇل ئېلىنغاندىن كېيىن شەھەر 3 كۈن ئەسكەرلەرنىڭ ئىختىيارىدا» دېگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى شەھەردە ئىختىيارىچە باسقۇنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقنى داۋام قىلدۇردى. ئۇلار كورېيە خوتۇن قىزلىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىش ۋە قىمارغا ئۇتتۇرۇش ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى. شەھەردە ئاچارچىلىق پەيدا قىلدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ بۇ ۋەھشىيانە ھەرىكەتلىرى كورېيە خەلقىنىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى تېخىمۇ غەزەپكە كەلتۈردى. لېكىن ئۇلار بۇ ۋەھشىيلىكى بىلەن سېئۇل خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى باسالمىدى. نەكىس ھالدا قانغا بويالغان سېئۇلدا يوشۇرۇن ئىنقىلابچىلارنىڭ قاتتىق دەككەسىگە ئۇچرىماقتا،

ئامېرىكا جاھانگىرلىرى بىزنىڭ خوشنا مەملىكىتىمىزدە سوقۇش ئوتىنى پەيدا قىلىپ قالماستىن بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنىگە باسقۇنچىلىق بىلەن ھۇجۇم قىلدى. يەنى ئۇلار فورموزىغا ئۆز ھەربىي كۈچلىرى بىلەن بېسىپ كىرىشنىڭ سىرتىدا بىزنىڭ شەرقىي-شىمال ئۆلكىلىرىمىزنىڭ ھاۋا چېگارالىرىنى خىيانەتكارلىق بىلەن نەچچە قېتىم بۇزۇپ ئۆتۈپ خەلقىمىزنى قىردى ۋە تىنچ ئاھالىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش ئاسامبلېيەسىدە فورموزا مەسىلىسى دەپ ئاتالغان مەسىلىنى «مۇھاكىمە» گە قويدى. بۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ فورموزانى مۇستەملىكە قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ۋە ئازىيادىكى قانلىق ھەرىكىتى. ئۈچۈن ئەركىن بازا قىلماق بولغانلىقىنى، قاھىرە ۋە پوتسدام كونفېرېنسىيەلىرىنىڭ قارارلىرىنى (بۇ قارارلاردا ياپونىيە ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا بېسىۋالغان جۇڭگو يەرلىرى - مانجۇرىيە، فورموزا، پېڭخۇ



ئاراللىرى جۇڭگوغا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشى قەيت قىلىنغان) خىيانەتكارلىق بىلەن بۇزۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ۋە مەزكۇر قارارغا بىنائەن ئۇرۇشتىن كېيىن فورموزىنىڭ جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن پاكىتىدىن كۆز يۇمماق بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن فورموزا جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكى ھەم روشەن مەسىلە. بۇ ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان پاكىت. بۇنداق پاكىتلارغا قارشى پەقەت ترومېن ۋە ئوستىنلەردەك خىيانەتكار يۈزسىزلەر سۆز قىلىشى مۇمكىن. ئامما ئۇ ھەقىقەت ئۇ، ھەردائىما ھەقىقەتلىكىدە قالىدۇ.

ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ يېڭى جۇڭخوا دۆلىتىمىزگە ۋە ئازاتلىقنى قولغا ئالغان خەلقىمىزنىڭ تىنچلىقىغا نىسبەتەن قىلغان بۇ تەجاۋۇز ھەرىكىتى ۋە دۆلەت زېمىنىمىزنىڭ پۈتۈنلىكىگە قارشى قولموقوۋاتقان قانۇنسىز ھەرىكىتى ئەلبەتتە خەلقىمىزنى غەزەپلەندۈرىدۇ. جۇڭگو خەلقى بۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئۆزىنىڭ فىكرىنى ئاللا قاچان بايان قىلدى.

جاھانگىرلەرنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئىلگىرىدىن كۈرەش قىلىپ كەلگەن جۇڭگو خەلقى، ئەگەر تەجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى بولسا، يانا ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشكە تەييار. داھىيمىز ماۋزېدۇڭ ئېيتقانىدەك: «بىز ئەمدى ھەرقانداق جاھانگىرلەرنىڭ دۆلەت زېمىنىمىزگە تەجاۋۇزچىلىق قىلىشىغا يول قويمايمىز» دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى يولداش جۇئېنلەينىڭ بۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئېلان قىلغان باياناتلىرىنى كۈچلۈك ھىمايە قىلىمىز. يولداش جۇئېنلەينىڭ 30- سېنتەبىردە قىلغان دوكلاتىدا بۇنداق دېيىلگەن: «جۇڭگو خەلقلىرى چەت دۆلەتلەرنىڭ تەجاۋۇزچىلىقىغا پەقەت سەبر قىلىپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭدەك جاھانگىرلەر ئۆز خوشنىسىغا تەجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزسە بۇنىڭغا ھەم قاراپ تۇرالمايدۇ. كىمدە كىم بولمىسۇن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ تۆرتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ۋە ئۇنى بۇزىدىغان ھەمدە جۇڭگو بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار بولغان ھەر قانداق شەرق مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ھەل قىلىشنى ئويلايدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا شۇنىڭ بېشى بولۇنىدۇ.

پۈتۈن دۆلەت خەلقىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگو مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئادىل تاشقى سىياسىتىنى چىن كۆڭۈل بىلەن بىر ئېغىزدىن ھىمايە قىلماقتا. بولۇپمۇ جاھانگىرلار دۆلىتىمىزگە قىلىۋاتقان تەجاۋۇزكارانە ھەركەتكە ۋە بىزنىڭ خوشنىمىز كورىيە خەلقىنىڭ ئۈستىدە يۈرگۈزۈۋاتقان دەھشەتلىك ئۇرۇش ھەركىتىگە قارشى خەلقىمىزنىڭ غەزىپى تېخىمۇ تاشماقتا. بىز شىنجاڭ خەلقىمۇ، پارلاق دۆلەت خەلقىمىز بىلەن بىرلىكتە، بىر نىيەتتە تۇرۇپ، جاھانگىرلارنىڭ بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن قىلغان ۋە قىلماق بولغان ھەر قانداق ئىغۋاگەر ھەم تەجاۋۇزكار ھەركىتىگە قەتئى قارشى تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو ئەمگەكچىلىرىنىڭ قەھرىمانانە كۈرەشى نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن ئازادلىقنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ تولۇق غەلىبىسى ئۈچۈن بولغان ئىنقىلابىي كۈرەشتە دائىم تەييارمىز.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن مەركەزلەشكەن پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەرلەرنىڭ غەلىبىسى، بولۇپمۇ بولۇپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو-سوۋېت ئىككى بۈيۈك دۆلەت خەلقىنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقىنى ئەمەلىي ھەرقانداق تەتۈر ھەركەتكەن تەجاۋۇزكارلار توسالمايدۇ، بۇزالمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇلىرى غەلىبە بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆزىنىڭ خەيرخاھ دوستلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ شوندادق تىلەكلىرى ۋە ئىشەنچلىرىنى ئىپادە قىلماي تۇرالمايدۇ. بۇ ئۇچرىشىشنى بىز جۇڭگو-سوۋېت ئىككى بۈيۈك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىش بايرىمىدىكى ئامىللىرىدىن بىرى دەپ ھېساپلايمىز.

بۈيۈك سوۋېت خەلقىنىڭ مەدەنىي سەنئەت ئۆمىكىنى چىن كۆڭلىمىزدىن قارشى ئالىمىز!

ياشىسۇن جۇڭگو-سوۋېت بۇ ئىككى بۈيۈك دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئەبەدى مۇستەھكەم دوستلۇغى!

ياشىسۇن پۈتۈن دۇنيا مېھنەتكەشلىرىنىڭ ۋە بۇ ئىلغار كىشىلىكنىڭ داھىسى ۋە ئۇستازى يولداش ستالىن!

ياشىسۇن داھىمىز ۋە غەلىبىلىرىمىزنىڭ ئازادلىق ئىلھامچىسى رەئىس يولداش ماۋزېدۇڭ.

# شىنجاڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ 6 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

شىنجاڭدىكى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ بىر قىسىم كۈچى بولغان چىرىكەن گومىنداڭ تەتۈر ھەركەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ، 3 ۋىلايەتتە غەلىبە قازانغان 12-نويابىر ئىنقىلابىنىڭ 6 يىللىقى يېتىپ كەلدى. بۇ ئىنقىلابىي ھەركەت شىنجاڭ تارىخىدا پارلاق بىر ھەركەت بولۇپلا قالماستىن، مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنىمۇ زور ۋە شەرەپلىكتۇر. بۇ غەلىبە كۈنىنى پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۆزلىرىنىڭ گومىنداڭ تەتۈر ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچىگە قاتتىق زەربە بەرگەن شانلىق بىر كۈن دەپ ھېساپلاپ خاتىرىلەيدۇ.

شىنجاڭ مىللىي ئازادلىق ھەركىتىنىڭ يولباشچىسى ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرى: «... مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ ئۇ مۇئەييەن خەنزۇ مىللىتىگە قارىتىلغان ئەمەس ئىدى. ئەمەلىي مەقسىدى چوڭ مىللەتچىلىكنى كۈچەيتىدىغان، يەرلىك مىللەتلەرنى قول دەپ قارايدىغان ئۆلكىدە جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ساقلاپ قالىمەن دېگەن گومىنداڭنىڭ تەتۈر ھەركەتچىلەرنىڭ قارا مۇستەبىت سىياسىتىگە قارشى قارىتىلغان ئىدى» دەپ ئېيتقىنىدەك، نويابىر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز بىر مىللەتكە قارشى قوزغالغان بولماستىن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى گومىنداڭ تەتۈر ھاكىمىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ يۆلەنچۈكى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى قارىتىلغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىنقى-

لاپ 1944 - يىلى قوزغولوپ چىققاندىن كېيىن ئۇلكودىكى بارلىق مىللەت خەلقى ھىمايە قىلىپ قىزغىن ئىشتىراك قىلدى ۋە غالىبىيەتكە تىلەكداشلىق قىلدى.

نويابىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن خېلى ئەھمىيىتى بولدى. نويابىر ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيەت كۈچى، مەملىكەتىمىزنىڭ يىراق چېگراسى - شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى گومىنداڭنىڭ قالدۇق كۈچىنى قانتوكەسلەن جوڭگو خەلق ئازاتلىق ئىنقىلابى كۈچىگە باش ئەگدۈرگەندە، جوڭگو خەلق ئىنقىلابى كۈچىنىڭ ئۇلكومىز شىنجاڭدا تېزدىن غالىبىيەت قازىنىشىغا ئاساسى ئىمكانىيەت ھازىرلىدى.

نويابىر ئىنقىلابىنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى، شىنجاڭدا چېچىلغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى بىر يەرگە توپلاپ، جوڭگو كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدە يېڭى دېموكراتىيەلىك سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدا ئىجرا قىلىنىشىغا يەگانە ياردەم بېرىدىغان شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن نويابىر ئىنقىلابى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللى ئارمىيەسىنى يەنى خەلق ئازاتلىق ئىنقىلابىغا بىردىن - بىر يادروچى بولىدىغان ئۇنىڭ ئۈچىنچى - ھازىرقى 5- كورپۇسنى مەۋجۇد قىلدى.

نويابىر ئىنقىلابىنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى، كوممۇنىزم ۋە خەلقچىللىق روھىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار كادىرلارنى تەربىيەلەپ چىقاردى. بۇ كادىرلار شىنجاڭدا گومىنداڭ چىرىك ئەنئۇر ھاكىمىيىتىنىڭ خەلققە ۋە خەلقچىللىققا قارشى ھەركەتلىرىنى پاش قىلىپ، خەلقىمىزگە جوڭگو ئىنقىلابى ۋە جوڭگو كومپارتىيەسى ھەمدە خەلق ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ بۈيۈك غالىبىيىتىنى، كومپارتىيەنىڭ ھەققانى توغرا سىياسەتلىرىنى بولۇپمۇ مىللى سىياسەتنى توغرا ۋە ئادىل ھەل قىلىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى خەلق ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ بۈيۈك غالىبىيىتىگە بولغان ئۈمىدىنى ئاشۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى. نويابىر ئىنقىلابى يەنە، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ ھەقىقى خەلقچىللىققا بولغان چۈشەنچىسىنى، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە بولغان ئارزۇسىنى ئويغاتتى.



نويابىر ئىنقىلابىنىڭ يەنە بىر زور ئەھمىيىتى شىنجاڭدا چىرىك گومىنداڭ ئەنئۇر ھەرىكەتچىلىرى بىلەن بىر قاتاردا بولغان شىنجاڭ خەلقىگە چوڭ زىيانداش يانتۈركىزم، يان ئىسلامىزمگە، قار مىللەتچىلىك مەپكۇرەلەرگە قارشى بولۇپمۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا بۇ زەھەرلىك سىياسىتى تەشۋىق قىلىپ بەرگەن مەسئۇت، ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن لەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئاساسى زەربە بېرىپ، ئۇلارغا قارشى خەلقنى كۈرەشكە ئىلھاملاندۇردى.

ئۈچ ۋىلايەتتە باشلانغان نويابىر ئىنقىلابى نەتىجىسىدە ئازادلىققا ئېرىشكەن ۋىلايەت خەلقى مەملىكەت بويىچە جاڭ كەيشى مۇتەئەسسىپلىرىنىڭ قارا ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ مەملىكەتتىن تولۇق قوغلاپ چىقىرىلىشلىرىنى تىلەپ، پۈتۈن جوڭگو خەلقىنى بۇ ئۆكتەم ياۋۇز دۈشمەن قولىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن باشلانغان جوڭگو كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىغا تىلەكداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك غالىبىيىتىنى 4 كۆز بىلەن كۈتۈپ تىنچ شارائىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئارقىلىق قارشى كۈرەشنى داۋام قىلىۋەردى. ئۈلكە خەلقى ئۆز ئەركىنلىكىنىڭ پۈتۈن جوڭگو خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن بىر ھەل بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈلكە خەلقى، خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ غەربىي شىمالدىكى بۈيۈك غەلىبىلىرى، بولۇپمۇ قوغداش خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى چەكسىز خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇلارنى ئەمەلىي ھەقىقى ئازادلىقنىڭ ھامىسى كۆچكەن خەلق دەپ ھېس قىلدى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن 12 - نويابىر ئىنقىلابى، داھىيمىز ماۋ جۇشىنىڭ ئېيتقانلىرىدەك: «جوڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئومۇمى دۈشمەن گومىنداڭ ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچىگە زەربە بېرىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە قازانغان بۇ غۇرۇرلۇق ئۇتۇقلىرى بىلەن شىنجاڭدا خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيىتىگە ئاساسى زېمىن ھازىرلىغان ئىدى.

ئەمدى نويابىر ئىنقىلابىنىڭ مەقسىدى ئەمەلگە ئاشتى. پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى جوڭگو كومپارتىيەسى ۋە ئۇلۇغ داھى ماۋزېدۇڭ

يولباشچىلىقى ئاستىدا ئازاتلىققا چىقىپ ، ھەر مىللەت خەلقى ھەقىقى ۋە مەڭگۈ دوستلۇققا ئېرىشىش ، ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈم سۈرگەن گومىنداڭچىلار ئېزىپ قويغان مىللى زىدلىقلارنى ئەبەدكە يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆلكىمىزدە مىللى مەسئەلە ھەل بولۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى . ئەمدى ئۆلكە خەلقى جۇڭگو كومپارتىيەسى يولباشچىلىقى ئاستىدا قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشقا ئۆز ھەسسەسىنى قوشۇپ ، مەڭگۈ بەخىتلىك ئۆزلۈكسىز ئەركىن ھاياتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

بىز بۈگۈن نويابر ئىنقىلابىنىڭ 6 يىللىقىنى خاتىرلىگىنىمىزدە ئالدىمىزدا بۈيۈك ۋەزىپىلەر تۇرىدۇ . بۇ ۋەزىپە نويابىر ئىنقىلابىنىڭ بىزگە بەرگەن غەلىبىيەتلىرى بىلەن خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىيەت مېۋىلىرىنى ئامان ساقلاشتىن ئىبارەتتۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى ؛ قوترىغان يۈگەنسىز غالجىر ئىت ئامرىكا جاھانگىرلىگى خوشنىمىز كورىيەگە تەجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ، ئۇ يەردىكى گۇناھسىز خەلقلەرنى قىرىپ - چېپىپ قولىدىن كەلگەن ۋەھشىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىۋاتقىنىدىن تاشقىرى يېقىندىن بېرى دۆلىتىمىزنىڭ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە خەلقلىرىمىزنىڭ قارشىلىقلىرىغا قارىماستىن ۋەھشىلەرچە مەملىكەت چېگرامىزغا خەۋپ يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنماقتا.

بۇ ھال ، بۈتۈن جۇڭگو خەلقلىرى بىلەن بىر قاتاردا شىنجاڭدىكى بىز ھەر مىللەت خەلقىنى ئامرىكا جاھانگىرلىگىگە قارشى قاتتىق ۋە چەكسىز غەزەپكە كەلتۈردى. بىز شىنجاڭ خەلقى خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ بىردىن-بىر مېۋىسى - دۆلىتىمىزنىڭ ئامانلىقىنى ، مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشنى ئىستەيمىز . بىز ئامرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ چېگرىمىزغا كېلىپ ھارام تۇڭگۇزنىڭ تۇمشۇقىنى تىقىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز . بىز دۆلىتىمىزدىكى كومپارتىيە باشلىق بارلىق پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ خىتابنامىسىنى ھىمايە قىلىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ، 1949 - يىلىدىكى گومىنداڭنىڭ تەتۈر ھاكىمىيىتىگە ۋە ئامرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشتىكى روھىمىز بىلەن بارلىق كۈچىمىزنى توپلاپ ئامرىكا جاھانگىرلىكىگە ئەمىلىي ھەركىتىمىز بىلەن قارشى تۇرۇپ ، مۇقەددەس ۋەتىنىمىزنى ساقلايلى!

(257-سان شىنجاڭ گېزىتىدىن)

# ئامرىكانى قانداق تونۇش كېرەك؟

(تەشۋىقات قوللانمىسى)

جۇڭگودىكى ئىشچىلار سىنىپى ، دېھقانلار سىنىپى ، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ، مىللى بۇرژۇئازلار ۋە بارچە ۋەتەن پەرۋەر خەلقنىڭ ئامىمىسى ئامرىكا توغرىسىدا ئوبدان تونۇش ھاسىل قىلىشى كېرەك. ئۆتكەن ۋاقىتلاردا نۇرغۇنلىغان جۇڭگو ئادەملىرى ئامرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەلدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جۇڭگو ئامرىكاغا يۆلۈنۈش كېرەك ۋە ئامرىكانى ياخشى دوستلاردىن دەپ تونۇش كېرەك دېيىشسە ، بەزىلىرى ئامرىكانى ئالاھىدە مەدەنى ( ئالغا باسقان ) ، خەلقچىل دۆلەت ، شۇڭلاشقا جۇڭگو ئۇنىڭدىن ئۆگەنسە بولىدۇ ، دەپ تونۇپ كەلدى. شۇنىڭدەك بەزىلەر ئامرىكانىڭ ھېچ كىم تەڭ كېلەلمەيدىغان كۈچى بار دەپ باھالاپ كەلدى. ھەقىقەتنى ئېيتقاندا ئامرىكاغا تەرەپدارلىق قىلىش پۈتۈنلەي تەتۈر ھەرىكەتچىلىكتۇر. ئامرىكانى ئالى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش مەفكۇرىلىرىنىڭ ھەممىسى خاتادۇر.

ئامرىكانىڭ ئەسلى قىيافىتى تولۇق تونۇلغاندىن كېيىن ، جۇڭگونىڭ ھەربىر ۋەتەن پەرۋەر ئادەملىرى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك ، ئۆچمەنلىك ئۇنى پەس كۆرۈش قاراشلىرىنى تىكلەش كېرەك .

1 - ئامرىكاغا ئۆچمەنلىك كۆز دە قاراش كېرەك. چۈنكى ئۇ ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى. ھازىرقى ۋاقىتتا ئامرىكا جاھانگىرلىگى مەملىكىتىمىزگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق تەجاۋۇز قىلىش بىلەن مەملىكىتىمىزگە قاراتقان تەجاۋۇزچىلىقىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرلىتىشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ:

1) ئامرىكا كورىيەگە تەجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن ، شۇ تەجاۋۇزچىلىق قەدىمى بىلەن دۆلەت زېمىنىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



فورموزانى ئوچۇقتىن - ئوچۇقلا ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان ئامېرىكا پارخوتلىرى، ئايروپىلانلىرى فورموزىغا جايلاشتى. ماكارتۇر، فورموزا ئامېرىكانىڭ ھەربىي بازىسى بىرلودىمازلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ ئەسلى مەقسىتى فورموزانى جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن كۆۋرۈككە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

2) ئامېرىكانىڭ كورېيەدىكى تەجاۋۇزچىلىقى كۈن ساناپ كۈچەيدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ئېتىبار قىلماستىن، تەجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنى «38 - پاراللېل» سىزىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت زېمىنىمىز شەرقى - شىمالغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكانىڭ كورېيەدىكى تەجاۋۇزى مەملىكىتىمىزنىڭ خاتىر - جەملىكىگە تەھدىت سالدى. ئامېرىكانىڭ پىلانى كورېيەنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ مەملىكىتىمىزگە تەجاۋۇز قىلىشتۇر. 1948- يىلى لى سىنماننىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان «ئامېرىكا، كورېيە ئىتتىپاق مۇئاھىدەسى» دېگەن لايىھەسىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ «مۇبادا ئازادلىق ئۇرۇش (ئامېرىكانىڭ تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارىتىلغان تەھرىر) تەھقىق مانجۇرىيە زېمىنىدە داۋاملىق سۈرەتتە يۈرگۈزۈلىدىكەن، موشۇنىڭ ئارقىلىق جۇڭگو كومپارتىيەسىنى كورېيەگە قارىتا يۈرگۈزۈلگەن تەجاۋۇزىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن رەئىس جۇمھۇر جانابلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا بۈيۈك كورېيە جۇمھۇرىيىتى ئازاتلىق ئۇرۇشىنى تا - ئاخىرقى غالىبىيەتكىچىلىك يەتكۈزىدۇ. بۇ ھەقتە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا چېقىشىپ ۋە ئۇنى ئىقرار قىلىدۇ». 4- ئوكتەبىردىكى فرانسۇز ئاخباراتىنىڭ ۋاشىنگتوندىن ئېلىپ تارقاتقان خەبىرىدە: «ئامېرىكادا يۈزەگە چىقىرىلغان قاراشلار، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ شىمالىي كورېيەدىن ئۆتۈپ، ھازىرقى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ دائىرەسى تەرەپىدىن ئىشغال قىلىنغان مانجۇرىيەگە كىرىشىنى كۈچلۈك قوۋۋەتلەيدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ». ئامېرىكانىڭ ھازىرقى مېڭىۋاتقان يولى ئۆتمۈشتىكى ياپونىيەنىڭ كونا يولىدۇر. ياپونىيە دەسلەپتە كورېيە بىلەن فورموزىغا تەجاۋۇز قىلىپ، ئاندىن كورېيە ئارقىلىق شەرقى شىمال، شىمالى



جۇڭگو بىلەن پۈتۈن جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلغان ئىدى.

3) ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى بىلەن ھەربىي پارخوتلىرى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە مەملىكىتىمىزدە ئۇرۇش ئوتىنى يېقىۋاتىدۇ. ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى؛ 29- ئاۋغۇست، 22- سېنتەبىر، 29- سېنتەبىر، 13، 14- 15، 16- 20- 21- 22- 24- 25 نچى ئوكتەبىر كۈنلىرىدە ئارقىمۇ - ئارقا دۆلەت زېمىنىمىز شەرقى شىمالغا كېلىپ تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈپ، بومبا تاشلاپ ھەتتا ئوق چىقىرىپ كەتتى. 7 - ۋە 14 نچى ئوكتەبىر كۈنلىرى ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى بىزنىڭ زېمىنىمىز سەنتۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دېڭىز ياقىلىرىدىكى رايونلىرىنى تەكشۈردى ۋە ئوققا تۇتتى. 20 - سېنتەبىر كۈنى ئامېرىكا ھەربىي پاراخودى سىندوڭغا قاراشلىق چىڭسەن جوغا يېقىن جايدىكى مەملىكىتىمىزگە تەۋە دېڭىز چېگراسىدا بىزنىڭ تىجارەتچى پاراخودلىرىمىزغا قارىتا زەمبىرەكلەردىن ئوق چىقىرىپ قانۇنسىزلىق بىلەن پاراخودىمىزنى تەكشۈردى. ئامېرىكانىڭ موشۇ خىلدىكى داۋاملىق يولسىز ھەركەتلىرىدىن ئۇنىڭ تەجاۋۇزچىلىقىنى كېڭەيتىشتە قەتئىي ئىرادە بىلەن ئورۇنلىغانلىقىنى كۆرۈش قىيىن ئەمەس.

4) ئامېرىكا تا ھازىرغىچىلىك جان تالاشقان جاڭكەيشى باندىتلىرىغا ياردەملىشىۋاتىدۇ. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ھەربىي ماتېرىياللار، ۋە باشقا ھەربىيگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە فورموزىغا توشۇپ ئۇنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى يېتىلگەن گومىنداڭ چېرىكلىرىنى تەربىيەلەۋاتىدۇ. ئېنىق بولمىغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ يىل بىرىنچى ئايلاردىن تارتىپ، ئامېرىكا بىلەن كانادا تەرەپىدىن جاڭكەيشىگە بېرىلگەن ئايروپىلان ۋە تانكىسىنىڭ سانىمۇ يۈزدىن ئاشىدۇ.

5) ئامېرىكا جاھانگىرلىكى، مەملىكىتىمىزنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئىتتىپاقلاش دۆلەتلەرنىڭ ياپونىيەگە قارىتا مۇئاھىدىلىرىگە قاتنىشتۇرماي، پۈتۈن دۆلەت خەلقىنىڭ ئومۇمى دۈشمىنى بولغان فورموزىدىكى گومىنداڭ باندىتلىرىنىڭ قانۇنسىز ۋەكىللىرىنى يۆلىمەكتە. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جوۋئېنلەي بۇ يىل بىرىنچى ئايدىن تارتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن قانۇنسىز گومىنداڭ قالدۇق ۋەكىللىرىنى ھەيداپ چىقىرىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى

برنەچچە ئىنقلاب تېلېگرام يوللىدى .
قوبۇل قلىش توغرولوق برلەشكەن دۆلەتلەر باش
شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بلەن بىخەتەرلىك كېڭەشلىرىگىمۇ
ئاسامبلېيەسىنىڭ سېسسىيەسى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەم
ئوخشاش پىكىرلەرنى ئۈزلۈكسىز ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ قوماندا
ما بۇ توغرا پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى
نىسپىدىكى بېقىندىلىرى بولغان غالچا دۆلەتلىرى تەرەپىدىن رەد
قلىندى .

6 ) ئامېرىكا ياپونىيەنى قوراللاندۇرۇشقا ئاكتىپ يۆلەك
چى بولۇۋاتىدۇ. ياپون فاشىستلىرىنىڭ ئوجۇقتۇرۇۋالغان كۈچ
لىرى يەنە تىرىلىشكە باشلىماقتا . ياپونىيەدىكى جۇڭگوغا تەجا
ۋۇز قىلىشتا ئەيپلەنگەن نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش گۇناھكارلىرىنى
ماكارتور بوشاتتى. ياپون قوروغلۇق ئارمىيەسى « زاپاس
ساقچىلار ئەترەتى » دېگەن ساختا نام ئاستىدا، يېڭىلىۋاش
تىن قۇرۇلماقتا . ياپونىيەنىڭ ساقچى ئەترەتلىرىنىڭ سانى 125
مىڭغا يەتتى . ماكارتور باش قوماندانلىقى خەلق مەمورى ئىش
لار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھىتلەي بوبىل ئەرتىيار داجى تېيەن
ھۆكۈمەتكە ھازىرلانغان مەخپى خاتىرىنى تاپشۇرۇپ، ياپونىيە
نىڭ قوراللىق قىسىملىرىنى 500 مىڭغا يەتكۈزۈشكە پىلان كۆرسەت
كەن ئىدى. مانا ھازىر بۇ پىلان تەجرىبە قىلىنىۋاتماقتا!
شۇنىڭدەك ياپونىيەنىڭ دېڭىز ئەسكەرلىرىمۇ ئۆز ئەكسىيەتچى
گە كەلتۈرۈلىۋاتىدۇ . مەسىلەن « دېڭىز تىنچلىقىنى ساقلاش
ئىدارىتى » دېگەن مۇئەسسەسىنىڭ قول ئاستىدىكى پاراخودى
نىڭ سانى 300 گە يەتتى. بۇنىڭدا ئامېرىكانىڭ مەقسىدى ياپو
نىيەنى ئامېرىكانىڭ يىراق شەرقتىكى تەجاۋۇزچىلىقىنى كېڭەيتىشتە
ئالدىنقى، پىيادىلەر قىلىپ پايدىلىنىشتۇر. ئامېرىكا ھازىر سو
ۋېت بىلەن جۇڭگونى قايرىپ قويۇپ ئۆز ئالدىغا ياپونىيە
گە « مېھرىبانلىق» قىلىۋاتىدۇ. ئامېرىكانىڭ مۇنداق قىلىشتىن مەق
سىتى، ياپونىيەنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈشىگە ئۇچۇقتىن — ئۇ
چۇق يۆلەكچى بولۇشتىن ئىبارەتتۇر .

7 ) ئامېرىكا ئۇلۇغ ئوكيانىدا ناھايىتى زور ھەربى بازا
قۇرۇۋالدى. بۇ بازىسى ئالاسكادىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ
بازىسىدىن ئارتىپ، ئاروشىن تاقىم ئاراللىرى، ياپونىيە، پورت—



ماكارتور، كورىيە، فورموزا، فىلىپپىن، پولوجز، سىنگاپور، ۋېتنام
لاردىن ئۆتۈپ تاسىيام، بېرمادىن ھىندىستانغا يېتىپ باردى. مانا
بۇ بازىلارنىڭ يېڭى جۇڭگونى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈن
قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ماكارتور بۇ بازىلارنىڭ
جۇڭگو بىلەن سوۋېتنى نىشانە قىلىۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلغان
ئىدى. تاشقى جەھەتتىن، ھەربى جەھەتتىن، ئىقتىساد جەھەت
تىن پۈتۈنلەي جۇڭگونى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە ئېزىش ئۈ
چۈن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، فىلى
پپىن، سىيام ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىردەك مەيدانغا تۇرۇشىغا
ئۇلارغا بۇيرۇق بەردى. بۇ دۆلەتلەر ھازىر مەملىكىتىمىزگە
ۋە ئۇيەرلەردە تۇرۇشلۇق مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىرىگە بار
غان سېرى دۈشمەنلىك كۆز بىلەن قارىماقتا .

8 ) ئامېرىكا مەملىكىتىمىزگە قارىتا ئۇچۇقتىن — ئۇچۇق تەجا
ۋۇزكارلىق يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، مەملىكىتىمىزنى ئىچكى تە
رەپتىن بۇزۇشقا قەست قىلدى. ئامېرىكانىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگان
لىرى گومىنداڭنىڭ ئىشپىيون ئىدارىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئېلىپ،
ئىشپىيونلارنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى تەرتىپلىرىنى بۇزۇشلىرىغا
رەھبەرلىك قىلغۇچى بولدى. ئامېرىكا يېڭى جۇڭگونىڭ ئەتراپى
نى كورېيەدىن ھىندىستانغىچىلىك جاسۇسلۇق تورى بىلەن ئورىدى.
شاڭگاڭ، ماكاۋلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا بىلەن جاڭكەيشىنىڭ
مەملىكىتىمىزگە قارىتا جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈشىدىكى
مۇھىم پونكىتى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدەك توكيو بىلەن فور
موزا ئۇلارنىڭ قوماندا بېرىدىغان مەركىزىدۇر. ئامېرىكا، فور
موزا، ياپونىيە، فىلىپپىن ۋە جەنۇبى كورېيەلەردە جاسۇس
مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ، ناھايىتى نۇرغۇنلىغان ئىشپىيونلارنى تەر
بىيەلىمەكتە. بۇ ئىشپىيونلار ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن جۇڭ
گو قورۇقلىقىغا كېلىپ ھەركەتلەنمەكچى. غەربى-جەنۇبى را
يونلاردىن ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، غەربى — جەنۇبىدىكى ھەر
بىر ئۆلكىلەردىن قولغا چۈشكەن باندىت باشلىقلارنىڭ 60 پائى
زى ئامېرىكا بىلەن جاڭكەيشىنىڭ جاسۇسلۇق تەربىيەسىنى ئې
لىپ چىققانلار بولۇپ چىققان .

يۇقىرىقىلاردىن قاراپ ئېيتقاندا بولسۇن شۇنىڭدەك
تارىخ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا بولسۇن ئامېرىكا ئەزەلدىن

ئارقىدىنلا مەملىكىتىمىزگە تەجاۋۇز يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى. بۇ ھەقتە بىز تۆۋەندىكى، ئاساسىي ۋاقىئەلەرنى كۆرسەتسەك كۇپايە قىلار.

1- ئامېرىكىمۇ خۇددى ئەنگىلىيەگە ئوخشاشلا مەملىكىتىمىز جۇڭگوغا ئەڭ ئەۋۋەل ئەپيۇن ئەكەلگەن ئەبلەخ دۆلەت. 1839-يىلى لىن زېشۈ گۇاڭجۇدا مەنئى قىلغان ئەپيۇنلارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىدىن چىققان ئىدى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدا، ئامېرىكا دېڭىز قىسىملىرىنىڭ باشلىقى جېرنىنىڭ ئۆز قوماندانلىقىدىكى دېڭىز فلوت قىسىملىرى جۇڭگو دېڭىزىغا كېلىپ ئەنگىلىيەگە ياردەم بەرگەن ئىدى. 1844-يىلى 7-ئايلاردا مانجۇ ھۆكۈمىتى ئامېرىكا بىلەن ۋاڭشيا توختامىغا قول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. ۋە قول قويدۇردى. ئەڭ ئالدى «قانۇندىن زىيادە ھوقۇقلۇق» ۋە «پايدىغا ئوخشاش ئىگە بولۇش» توختاملىرىنى تۈزۈشۈپ ئالغان ئىدى. «قانۇندىن زىيادە ھوقۇقلۇق» دېگەن نېمە ئىدى؟ مۇبادا ئامېرىكىلىقلار جۇڭگودا گۇناھ قىلسا جۇڭگو قانۇنى بىلەن جازالانمايتتى، «پايدىغا ئوخشاش ئىگە بولۇش» دېگىنى بولسا، ئامېرىكىمۇ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىر قاتاردا جۇڭگودىن پايدىنى ئوخشاش ئېلىش دېگىنى ئىدى.

ۋاڭشيادا ھىلە-مىلە مانجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن چەت دۆلەتلەر ئاراسىدا تۈزۈلگەن ئەڭ دەسلەپكى تەڭ ھوقۇقسىز مۇئاھىدىلەرنىڭ بىرسى ئىدى.

2 — 1857 — يىلدىن 1860 — يىلغىچە بولغان ئەنگىلىيە، فرانسىيە بىرلەشمە ئەسكەرلىرى مەملىكىتىمىزگە تەجاۋۇز قىلىپ تەنجىن، بېيجىڭلارغا ئەسكەر كىرگۈزگەن چاغدا، ئامېرىكا پاراخوتلىرىمۇ بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىش بىلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا تەنجىن توختامىنى تۈزۈشكە مانجۇ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇر قىلغان ئىدى. (1858-يىلى). ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇڭگونىڭ تاموژنىسىنى باشقۇرۇش ۋە جۇڭگو دېڭىزلىرىدا ئىختىيارى يۈرۈپ ئۇ يەر مەيلىچە دىن تارقىتىش ئەركىنلىكلىرىنى قولغا كەلتۈردى.

3- 1862-يىلى ئامېرىكىنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى خۇاردى ئەنگىلىيەلەر بىلەن بىرلىكتە، ئەسكەر ئۇيۇشتۇرۇپ



تەيپىڭ — تيەنگو ئىنقىلابىنى بېسىش ئۈچۈن مانجۇ ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتىلگەن ئىدى.

4- 1872 - يىلى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى كورېيەگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى، 1873- يىلى ياپونىيە بىلەن بىرلىكتە فورموزىغا ھۇجۇم قىلدى. 1874- يىلى ياپونىيە ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە كورېيەگە ھۇجۇم قىلدى.

5- 1900- يىلى ئامېرىكا 8 دۆلەت ئەسكەرلىرىنىڭ بىرلىكتە بېيجىڭگە ھۇجۇم قىلىشىغا قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شىڭ ياۋ مۇئاھىدىسى (1901 - يىلى) بويىچە ئۇ، باشقا جاھانگىرلار بىلەن بىر قاتاردا بېيجىڭ ۋە باشقا بىر نەچچە شەھەرلەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇش تەجاۋۇزكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

6- 1917- يىلى سېنتەبىردە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى باشلىقى لانسىڭ، روبېرت، ياپونىيە كابىنېت باشلىقى شى جىڭ بىلەن توختام تۈزۈشۈپ ياپونىيەنىڭ جۇڭگودىكى تەجاۋۇزچىلىق مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلدى. 1918- يىلى پارىژدا ئېچىلغان تىنچلىق يىغىنىدا، ياپونىيەنىڭ گېرمانىيەگە ۋارىسلىق قىلىپ شەندۇڭنى سېسىپ ئېلىش تەجاۋۇزكارلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى.

7- 1922- يىلدىن 1924- يىلغا قەدەر مىلىتارىست ساۋ كۈن، ۋۇ پېيفۇلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىنى قوزغىشىغا ھەربىي ئەشيالار بىلەن ياردەم بەردى.

8- 1925- يىلى بولۇپ ئۆتكەن 30-ماي پاجىئەلىك ۋەقەسىدە جۇڭگو خەلقىنى قىرىپ چېپىش ئىشىغا قاتناشتى.

9- 1927- يىلى ئاپرېلدا، جۇڭگودا بۈيۈك ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى بېسىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ جاڭ كەيشېنىڭ گەجگىسىگە مىنىپ ئۇنى جاھانگىرلارغا تەسلىم قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەنگىلىيە بىلەن بىرلىكتە نەنكىڭگە زەمبىرەك ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىپ شاڭگوڭ پاجىئەلىك ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا زامىن بولدى.

10- 1931- يىلىدىن 1933- يىلغىچە بولغان قەرز پۇل (بۇنىڭكىلىن بىر يولىدا ئامېرىكا دوللىرى) ۋە ئايروپىلان ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىپ جاڭ كەيشېنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى باشچىلىقىدىكى ئىشچى، دېھقان، قىزىل ئارمىيەلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەملەشتى.

11- ياپونىيە جوڭگوغا تەجاۋۇز قىلغان مەزگىللىرىدە ئاھايىتى. نۇرغۇن مىقداردىكى ھەربىي ئەشيالار بىلەن ياپونىيەنى تەمىنلەپ تۇردى.

12- ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جوڭگوغا ئاھايىتى ئىزچىللىق بىلەن تەجاۋۇز يۈرگۈزۈپ، ياپونىيەنىڭ جوڭگودا قىلغان ھۆكۈمرانچىلىق ئورنىنى دەسسەپ، جوڭگونى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا سەئىي قەست قىلدى. 1946- يىلى، 4- نويابىردە جاڭكەيشى «جوڭگو - ئامېرىكا ھاۋا، دېڭىز ئارقىلىق سودا ئالاقىسى قىلىش دوستلۇق مۇئاھىدىسى» دېگەن تەجاۋۇزكارلىق تۈزۈمىنى تۈزۈشۈپ، جوڭگونىڭ ئىقتىسادى ھوقۇقى تاموژنى باج ھوقۇقى ۋە دېڭىز ساھىللىرىدىكى ھەم جوڭگونىڭ ئۆز ئاپتونومىيەلىك دېڭىزلىرىدا يۈرۈپ تۇرۇش ھوقۇقلىرىنى تارتىپ ئالدى، بۇ مۇئاھىدە ئەمەلىيەتتە يېڭى شەكىللىككى «21 ماددىدىن ئىبارەت ئىدى». ھەتتا ئەنگلىيەنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بۇنى جوڭگوغا قارىتا يۈرگۈزۈلگەن ھېچ مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەھشىيانە ئىقتىسادى تەجاۋۇزچىلىق» دەپ تونۇدى.

13- ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئاقچا، ھەربىي، ياراق ئەشيا ۋە ھەربىي مەسلىھەتچىلەر تەيىنلەش ئارقىلىق جاڭكەيشىگە ياردەملىشىپ كەڭ كۆلەملىك خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغىدى. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى 1948- يىلى 6- ئايلارغىچىلىك ئېلىنغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ جاڭكەيشىگە بەرگەن ھەر تۈرلۈك ياردەملىرىنىڭ سانى 4 مىليارد 346 مىليون ئامېرىكا دوللارىغا يېتىپ بارغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا ئامېرىكا جاڭكەيشىگە بىر يېرىم مىليارد 64 مىليون ياردەم بەردى. بۇ ياردەملەرنىڭ كۆپ قىسمىنى جاڭكەيشى ياپونغا قارشى ئۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىنكى ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغاشقا ساقلاپ قويغان ئىدى. بۇنىڭ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەندە، 5 مىليارد 916 مىليون ئامېرىكا دوللارى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغاشتا جاڭكەيشىگە كۆرسەتكەن چوڭ ياردەملىرىدۇر.

1 - ئامېرىكانى پەست كۆرۈش كېرەك. چۈنكى؛ ئۇ* دەز كەتكەن جاھانگىر مەملىكەت ۋە ھەر يەردە زاۋال تېپىۋاتقان ئەكسىل ھەرىكەتچىلەرنىڭ ئوردىسىدۇر.



1) ئامېرىكا ھازىر ئاز سانلىق چوڭ كاپىتالىستلار تەرەپىدىن ئىدارە قىلىنماقتا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ قولىدىكى بىر قورالى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى ترۇمېن، ئامېرىكا چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ سادىق غالچىسىدۇر. ئامېرىكىدىكى چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ بىرلەشمە بىر تەشكىلاتى بار، ئۇنى «دۆلەتنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش كېڭەشى» - دەپ ئاتايدۇ. ئۇ تەخمىنەن 60 مىليارد دوللار ئامېرىكا سەرمايىسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. كېڭەشنىڭ يېتەكچىلىك ئىدارىسى «12 كىشىلىك ھەيئەت» بولۇپ ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ كاپىتالىستلىرىدىن بولغان - مورگان، روكفېللېر، مېللون، دوپونلاردىن ئىبارەت بايلار تەرەپىدىن تەشكىل قىلىنغان ئامېرىكىنىڭ چوڭ كاپىتالىستلىرى ئاساسەن ۋە تەشكىلات ئارقىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى تەرەپ ۋە تاشقى تەرەپكە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنىڭ ھەممىسى مەزكۇر كېڭەش تەرەپىدىن پىلان قىلىنىدۇ. ياكى ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالىدۇ. مەزكۇر كېڭەش ئۆزىگە خاس كىچىك رىسالە نەشر قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش كېڭەشىنىڭ يېتەكچى ئىدارىسى» ھەر كۈنى پارلامېنت دائىرىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ۋە ھەربىر قىسىملارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۆز ئەزالىرىنىڭ يىققان مەلۇماتلىرىنى ھەممە سانائەت تۈركۈمىنىڭ ھازىرقى مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىنى مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش ئىدارىلىرىگە ئۇختۇرىدۇ. (بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئىدارىسىنى بىلدۈرىدۇ) ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ باش رولىدىكى كىشىلەردىن بولغان دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئاچېسون، دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلايدىغان يەر بايلىقى ئىدارىسىنىڭ رەئىسى سىمىنتون، ترومېننىڭ ئالاھىدە بازداچى مەسلىھەتچىسى خوزمان، دۆلەت ئىشلار پالاتاسى تەرەپىدىن ياپونىيە بىلەن تۈزۈلىدىغان مۇئاھىدە ئۈستىدە مەسئۇل بولۇپ سۆھبەت يۈرگۈزگەن تاشقى سىياسەت مەسلىھەتچىسى دوللاس، ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمەن تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئوستىن، ئامېرىكىنىڭ غەربىي گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك مەخسۇس خادىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



مېكلوئىدىن ئىبارەت ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مەزكۇر كېڭەشتەر فىدىن ترۇمېن ھۆكۈمىتى ئىچىگە ئېۋەتىلگەندۇر.

ئاچېسون بولسا، ئامېرىكا مەشھۇر قانۇنى ئىشلەر ئورگانى «كاۋىن تون، ۋالىنگا ئاچېسون شىركىتى» نىڭ مۇدىرى، بۇ شىركەت، مورگان، روكفېللېر دورىبانغا ئوخشىغان بايلار گۇرۇھىغا خىزمەت قىلىدۇ. خورمان بولسا، ئامېرىكادىكى ئەڭ چوڭ بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، «ئاكا ـ ئۇكا بولانگا، خورمان بانكاسى» نىڭ دىرېكتورىدۇر. سېمىنتون ئۇرۇش ۋاقتىدا «ئېمىسون ئېلېكترىك شىركىتى» نىڭ دىرېكتورى ئىدى. ... بولسا، روپېل «...» مەسلىھەتچىسى بېكرنىڭ يازغان «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى. ۋە مارشالىل پىلانى» - دېگەن كىتابىغا قارىغاندا، فەقەت 1948- يىلنىڭ باشلىرىدا، ترومېن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا بانكىر، مالىيە ئولىگارخىيەلىرى كارخانە ئىگەسىدىن 50 ئادەمنى قوبۇل قىلغان. دېمەك ئامېرىكانىڭ چوڭ كاپىتالىستلىرى موشو ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىر ھەركەتلىرىنى ئۆز تىزگىنىدە تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئامېرىكا ھاكىمىيىتى ئۈستىدە تۇرغۇچى پارتىيە، دېموكرات پارتىيەسى بىلەن جۇمھۇرىيەت پارتىيەسىنىڭ ھەممىسى چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ بىۋاستە ئىگىلىدە بولۇپ، بۇ ئىككى پارتىيەنىڭ مۇھىم مەسئۇل ئادەملىرىنىڭ ئۆزى چوڭ كاپىتالىست ياكى شۇ چوڭ كاپىتالىستلار بىلەن باغلىنىشى بار ئادەملەردۇر. مەسىلەن: دېموكراتىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەتلىك مەمۇرىيىنىڭ رەئىسى بىر زامان لەيسكوف دېگەن ئادەم بولغان ئىدى. ئۇ «دوربان شىركىتى» ۋە «ئاتوموبىل شىركىتى» نىڭ ئىجرائىي ئەزالىرىنىڭ بىرسىدۇر. مورگان بىلەن باغلىنىشى بولغان رىبرسخوف شەھرىدىكى كارخانە ئىگىسى سىكوت جۇمھۇرىيەت پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئامېرىكانىڭ دۆلەت پارلامېنتىدىمۇ، ئامېرىكانىڭ چوڭ كاپىتالىستلىرى بىۋاستە ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپتۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «ئىزۋېستىيە» گېزىتىنىڭ يېزىشىچە قارىغاندا؛ ھازىر ئامېرىكانىڭ دۆلەت پارلامېنتىدا 68 چوڭ ئىشلەپ چىقارغۇچى سودىگەر، 13 بانكىر ھەم 300 دىن ئارتۇق چوڭ شىركەت ۋە بانكىلاردا خىزمەت قىلىدىغان ئادۋوكاتلار بار.



2- ئامېرىكانىڭ ئىچكى سىياسىتى خەلقنى ئېزىدىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، خەلقچىللىقنى بوغۇدىغان، مەدەنىيەتنى بوغۇدىغان بىر سىياسەتتۇر.

ئا: ئامېرىكانىڭ چوڭ كاپىتالىستلىرى - پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئورغۇن مىقداردىكى مالىيە بايلىقىنى ئىگىلەپ ئېلىپ، پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ھاياتىنى، ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپتۇ. كەڭ خەلق ئادەتتىن تاشقىرى كەمبەغەللىك ۋە قاششاق خەلق تۇرمۇشىنى كۆچۈرۈۋاتىدۇ. ئېلىنغان نەزەرلەرگە قارىغاندا، ئامېرىكادىكى چوڭ 2 يۈز شىركەت 1933- يىلى پۈتۈن دۆلەت مالىيە بايلىقىنىڭ 21- 19 پائىزىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان. پۈتۈن دۆلەت مالىيە بايلىقىنىڭ 51 - 46 پائىزىنى ۋە بارلىق شىركەت ( پۇلدىن تاشقىرى ) ماددى كاپىتاللىرىنىڭ 60 پائىزىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان.

1947- يىلىدا، بىر مىليارد ئامېرىكا پۇلىغا توغرى كېلىدىغان كاپىتال مۈلكىگە ئىگە بولغان چوڭ شىركەت ( بۇ پۇل ۋە باشقا ماددى نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) دىن، 45 بار بولۇپ ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كاپىتال مۈلكى 103 مىليارد 450 مىليون دوللارغا يەتكەن. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يازغۇچىسى كوكشىنسكىينىڭ ئامېرىكا كاپىتالىستلىرى بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ يازغان كىتابىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: 1940- يىلدىن 1947- يىلغىچە بولغان 7 يىل ئارىسىدا، ئامېرىكادىكى ھەربىر چوڭ شىركەتلەر جەمئىي 66 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللارى پايدا ئېلىپ چىققان. ماڭا بۇ سان 1938- يىلدا ئامېرىكانىڭ پۈتۈن پۇقرالىرىنىڭ كىرىمىدىن ئارتىپ توشكەن. ئەمما، كۆپچىلىك ئامېرىكا خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قانداق؟ بۇ ھەقتە «ئەدەبىيلىك ئىنچىلىكىنى قولغا كەلتۈرەيلى، خەلق دېموكراتىيەسىنى قولغا كەلتۈرەيلى» -دېگەن ژۇرنالنىڭ 68- سانىدا شۇنداق كۆرسىتىلىدۇ. ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن ئەۋۋەل ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ 80 پائىزىنى تەشكىل قىلغان مېھنەتكەش خەلقنىڭ كىرىمى پۇقرالىق كىرىمىنىڭ 44 4 پائىزىنى تەشكىل قىلالىغان. ئامېرىكا ئادەم نوپۇسىنى تەكشۈرگۈچى ئىدارەسىنىڭ يېقىنقى ئىلرادا قىلغان ئېلانىدا

شۇنداق دەيدۇ: 1948- يىلىدا 50 فائىزدىن يۇقۇرىراق بولغان ئا
مېرىكىلىقلارنىڭ ئائىلە كىرىمى ئەڭ تۆۋەن بولغان تۇرمۇشنى
قامدىيالمىغان. 1948- يىلى بويان، 57 فائىزدىن كىرىمگە ئىگە
بولغان ئامېرىكا ئائىلىلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولغان تۇر
مۇشىنى قامدىيالماي كەلمەكتە. ئامېرىكادا پۈتۈن ئىشسىز قالغۇ
چىلار بىلەن يېرىم ئىشسىز قالغۇچىلارنىڭ سانى 18 مىليونغا يەت
تى. ئامېرىكادا يۈزمىڭلىغان ئادەملەر ماكانسىز-ئۆيسىز ياشايدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا 40 مىليون ئادەم پاسكىنا ۋە تار كامارلاردا ياشايدۇ.
ئامېرىكادىكى «ئائىلىگە خىزمەت قىلىش جەمئىيىتى»نىڭ ماتېرىيـ
ئاللىرىغا قارىغاندا، ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بولغان
نيۇيورۇق شەھىرىدە تەخمىنەن 260 مىڭ ئادەم ئۆيسىز ياشايـ
دۇ. بۇنىڭدىن باشقا 500 مىڭ ئادەم كامارلاردا ياشايدۇ. مانا بۇ
ئامېرىكا تەشۋىقات ئىدارىلىرىنىڭ پو ئاتقان «ئامېرىكا چە تۇر
مۇش»نىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىدۇر.

(پ) ئامېرىكانىڭ ئېيتقان «خەلقچىللىقى» پۈتۈنلەي يالغان
بولۇپ، «خەلقچىللىق ھوقۇقىدىن پەقەت پۇلى بار بايلار پايـ
دىلىنالايدۇ. لېكىن كەڭ خەلق خەلقچىللىق ھوقۇقىدىن پۈتۈن
لەي مەھرۇمدۇر. ئامېرىكانىڭ سايلام تۈزۈمى ئالدامچىلىق ئۇسـ
تۇلۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ سايلامغا قاتنىشىش ئۈچۈن خەلق
60 نەچچە خىل چەكلىمىگە دۇچار بولغان. بۇنىڭ ئىچىگە مال-
مۈلۈك، ئىرق، ئولتۇراقلىشىش چەكلىمىلىرى كىرىدۇ. 1948-
يىلىدىكى پرېزىدېنت ۋە پارلامېنت سايلىمىدا، 3 تىن بىر خەلق سايـ
لام ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان ئىدى. ئامېرىكانىڭ پۈتۈن ئا
ھالە نوپۇسى ئىچىدە سانائەت ئىشچىلىرى 50 فائىزىنى تەشكىل
قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پارلامېنتتا ئىشچىلەرنىڭ بىرمۇ ۋەكىلى
يوق. خەلقنىڭ سايلام ئەركىنلىكى بولمايلا قالماستىن بەلكى
سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ئەركىنلىكلىرىمۇ يوق. خۇددى جاڭ كەيـ
شىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئوخشاش ئىشپىيونلۇق ئىدارىلىرى پۈتۈن
ئىشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قول ئاستىغا كىرگۈزۈپ ئالغان ئە
دلىيە ۋازارىتىنىڭ تەكشۈرۈش ئىدارىسى چوڭ دائىرە دېگى
ئىشپىيونلۇق ئىدارىسىدۇر. مەزكۇر ئىدارىنىڭ 14 مىڭ نەپەرتەك
شۈرگۈچى ئىشپىيونلىرى بار بولۇپ، ئۇلار خەلققە زىيانكەشـ
لىك قىلىش مەخسۇس ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلا



ئىككى مىليون ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مەفكۇرە ۋە تۇرمۇش
ھەم ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ھەممە
مەزكۇر خىزمەتچىلەرنى مەجبۇرەن «سادىقەتلىك قىلىش قەسىمى»نى
بەرگۈزىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىرق ئايرىمىلىقى بار بولغانلىقىدىن
قارا تەنلىك ئادەملەر ئادەتتىن تاشقىرى فاجىئەلىك ئېزىلىشلەرگە
دۇچار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاق تەنلىكلەر بىلەن بەرابەر تۇ
رالمايدۇ، بىر يولدا ماڭالمايدۇ، ھارۋالارغىمۇ ئولتۇرالمايدۇ.
ھەتتا ھەر دائىم باشقىلار تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىپ، قىينىلىپ تۇ
رىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمرانلىق سىنىپى قولىدىن كەلگەن چارىـ
لارنى قوللىنىپ كومپارتىيەنى ئېزىدۇ. ئامېرىكا كومپارتىيە
سىنىڭ باش كاتىپى دېننىس ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان 11 نە
پەر كومپارتىيە داھىيلىرى يولسىزلارچە ئامېرىكا ھۆكۈمەت تۇ
رۇنلىرىنىڭ سوراق قىلىشىغا ئۇچرىدى. دېننىس تۈرمىگە سولىنـ
دى. ئاۋام پالاتاسىنىڭ «ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە مۇخالىپ كېلىدىـ
غان تەشكىلاتلارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ھەيئىتى»
مەخسۇس كومپارتىيە بىلەن بارلىق ئىلغار ئادەملەرگە زىيان يە
تكۈزۈش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يېقىندا پارلامېنت تەرىپىدىن
«مەك كاللون لايىھەسى» دېگەن نەرسىنى قوبۇل كۆردى. بۇ
نەرسە ئارقىلىق تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كومپارتىيە ۋە بارلىق ئىلغار
كۈچلەرگە زىيان يەتكۈزۈشنى ئويلىدى.

«3 ك پارتىيەسى»، «ئامېرىكا پولىۋاي ئارمىيەسى»، «ئامېرىكا
نى ئەلا بولۇش ھەيئىتى»، «كۈمۈش رەڭلىك تەشكىلات»گە
ئوخشاش فاشىستلىق تېرور تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەركىتى كۈن سا
ناپ ئەۋجىدىلىشىپ بارماقتا. دېمەك بۇ تۇرغۇنلىغان فاكىتـ
لار، ئامېرىكانىڭ فاشىست تېرور ھەرىكەتچىلىرىنىڭ باش ئىشتا
بىغا ئايلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

(ت) بورژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىق سىنىپىنىڭ ئېزىشى نەتىجە
سىدە ئامېرىكانىڭ مەدەنىيەتى پۈتۈنلەي چىرىكلىشىپ زاۋاللىققا يۈز
تۇتتى. ئامېرىكادا مەتبۇئات ئىشلىرى بىلەن ئاخبارات ئىشلىرى
پۈتۈنلەي دېگىدەك ئاز سانلىق چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ قول ئاسـ
تىغا كىرگۈزۈلگەن. «مىڭ ئامېرىكالىق» دېگەن كىتابنىڭ ئاپ
تورى مېلس شۇنداق دەيدۇ: «گېزىت ۋە ژورناللارنىڭ 99
فائىزى چوڭ كاپىتالىستلارغا قارايدۇ. ئۇلارنىڭ 12 چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شېركەت ۋە چوڭ بايلار بىلەن قورغان تۈزۈمى بىر دۆلەت. دۆلەتلىك مەتبۇئاتچىلار ھەمكارلىشىش جەمئىيىتى، دۆلەتلىك گېزىت نەشرىياتچىلار ھەمكارلىشىش جەمئىيىتى. پۈتۈن دۆلەتلىك، ئىشلەپ چىقىرىش ئىگىلىرى ھەمكارلىشىش جەمئىيىتى ئەمەلىيەتتە ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ ئىش بېجىرىدىغان ئىدارىلىرىدۇر. دېمەك بۇ كاپىتالىستلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدىكى گېزىت، ژۇرنال ۋە باشقا مەتبۇئاتلارنىڭ ھەممىسى، ئۇرۇش قوزغايدىغان، خەلقچىللىققا قارشى تۇرىدىغان قورالغا ئايلاندى. پەن ۋە سەنئەتمۇ ئوخشاشلا شۇ چوڭ كاپىتالىستلار قول ئاستىغا كىرگۈزۈلگەندۇر. ئۇلار مۇشۇ نەرسىلەرنى جاھانگىرلەرنىڭ تەجاۋۇزچىلىق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن مەجبۇرى خىزمەت قىلدۇرىدۇ. پەننى قوراللىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلەتمەستىن، ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. پەننى ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئاتوم بومبىسى، باكتېرىيولوگىيە قوراللىرىدىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنى يوق قىلىدىغان قىرغىنچىلىق قوراللىرىنى ياساشقا ئالدىرىماقتا، ئۇلاردا سەنئەت ئالغا ئاماداشنى تەشەببۇس قىلماستىن ئۆلۈمگە قاراپ يۈز تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇرغۇتۇلغان ئامېرىكا ئەدەبىياتى، كىنو، تىياتىر، رەسسامچىلىقلارنىڭ قىلغان تەشۋىقلىرى پۈتۈنلەي چىركىلەشكەن، زاۋاللاشقان، پۇلغا چوقۇنغۇچى، قاھشەباز، بۇلاڭچى، روھى كېسەلگە دۇچار بولغان ئۇرۇش غالچىلىرى بىلەن بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئىبارەتتۇر. ئامېرىكا چوڭ كاپىتالىستلىرى مۇشۇ زەھەرلىك نەرسىلەر بىلەن ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋوجۇدىنى زەھەرلەپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئىدىيەسىنى چىركىلەشتۈرۈپ، روھىنى پاسسىپلاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ زېھنىنى تەرەققى قىلىشىنى توختۇتۇش بىلەن ئۇلارنى ئالداپ تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا قەست قىلىدۇ.

3- ئامېرىكاننىڭ تاشقىرىغا قاراتقان سىياسىتى تەجاۋۇزچىلىق ھەم ئۇرۇش سىياسىتىدۇر.

(ا) ئامېرىكاننىڭ تەجاۋۇزچىلىق نىشانى بەش چوڭ قىتئەگە قارىتىلغاندۇر. ئۇنىڭ تەجاۋۇزچىلىقنى كېڭەيتىش ئۇسۇلى، تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ:



1) بىۋاسىتە قوراللىق تەجاۋۇزچىلىقنى باشلاش، مەسىلەن: بۇ يېقىندا كورېيە ۋە جۇڭگونىڭ زېمىنى فورموزىغا تەجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزدى.

2) باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تەجاۋۇزچىلىقىغا ياردەم قىلىش، مەسىلەن: ئۇ، ئەنگلىيەنىڭ مالاياغا، فرانسىيەنىڭ ۋېيتنامغا تەجاۋۇز قىلىشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ.

3) ئۇرغۇتۇلغان مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەر تەتۈر ھەرىكەتچىلىرىنىڭ خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قىلىپ بېرىشىگە ياردەم بېرىش مەسىلەن: ئۆتمۈشتە جاڭ كەيشىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە ھۇجۇم قىلىشىنى يۆلىدى. گرېتسىيە خەلقىگە ھۇجۇم قىلىشقا يار يۆلەك بولدى، ھازىر فىلىپپىندىكى كىرىنو قورچاق ھۆكۈمىتىنىڭ فىلىپپىن خەلقىگە ھۇجۇم قىلىشىنى يۆلەۋاتىدۇ.

4) ھەربىر دۆلەتلەردىكى تەتۈر ھەرىكەتچىلەرنى يۆلەپ ھەربىر دۆلەتنىڭ دېموكراتىك كۈچلىرىنى بېسىش. مەسىلەن: ياپونىيە، گېرمانىيەلەرنىڭ فاشىزم كۈچلىرىنى تىرىلدۈرۈپ، ياپونىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ دېموكرات كۈچلىرىنى باسماقتا. ئىسپانىيەدىكى فرانكو فاشىست ھۆكۈمىتىنى يۆلەپ، ئۇنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە قەست قىلماقتا. ئاۋستىرالىيە، بولىۋىيە، ۋېنېسۇئېلا، پاناما دىن ئىبارەت دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە كومپارتىيەنى قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلىشقا يول - يورۇق كۆرسەتتى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، غەربىي گېرمانىيە، كانادا، ياپونىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى كومپارتىيەلەرنى ئېزىشكە يول - يورۇق كۆرسەتتى.

5) ئىقتىسادى «ياردەم» ئارقىلىق باشقا كاپىتالىست دۆلەتلەرنى قول ئاستىغا كىرگۈزۈش، مەسىلەن: مارشاللىنىڭ ئاۋروپاغا «ياردەم قىلىش» پىلانى ئارقىلىق ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، بېلگىيە، نورۋېگىيە، دانىماركا، نىدېرلاندىيە، تۈركىيە، لۇكسېمبۇرگ، پورتۇگالىيە، ھىندونېزىيە، سىلىيونىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسى ئىگىلىكىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، مۇشۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى قاشتىلىشىشقا ئايلاندۇردى. ۋە ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۆرۈشكە مەجبۇر قىلماقتا.

(ب) ئامېرىكا 3 ئىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ئاكتىپ تەييارلىق كۆرۈش بىلەن ئۇنى قوزغاش ئۈچۈن ئۇرۇنماقتا.

1) ئامېرىكا دۇنيادا سانسىز ھەربى بازالارنى قۇرۇپ چىقتى. كورېيە، ياپونىيە، فىلىپپىن، ھىندىستان، ۋيېتنام، تۈركىيە، گرېتسىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، غەربى گېرمانىيە، دانىيماركا، نورۋېگىيە، ئىسلاندىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئامېرىكانىڭ دېڭىز ۋە ھاۋا بازىلىرى بار.

2) ئامېرىكا ئارمىيەنى كېڭەيتىپ ھەربى خىراجەتنى ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە ئاشۇرماقتا. ترۇمېن قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئەسكەرلىرىنى قىسقىغىنە بىر مۇددەت ئىچىدە بىر يېرىم مىليوندىن 3 مىليونغا ئاشۇرۇشنى ئېلان قىلغان ئىدى. ئامېرىكانىڭ 1950 - يىلىدىن — 1951 - يىلغا ئۆتۈشتە بولىدىغان دائىملىق ھەربى راسخودى 15 مىلياردىن ئارتۇغىراق ئامېرىكا دوللارى ئىدى. ئامېرىكا پارلامېنتى 9 - ئايدا ترۇمېن تەرىپىدىن تاشلانغان 1950 - يىلدىن 51- يىلغا ئۆتۈشتە ئاۋۋالقى ئىسمېتانى قوغلۇشۇپ 15 مىلياردىن ئارتۇغىراق ئامېرىكا دوللارى ئاشۇرۇش فىكرى قوبۇل كۆرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا غەربى ئاۋروپادىكى ھەربىر دۆلەتلەرنى ئەسكەر كۆپەيتىشكە مەجبۇر قىلماقتا.

3 - ئاتوم بومبىسىنى دوق قاپ، سوۋيېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر سېسسىيەسىدە ئاتوم قوراللىرىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش بىلەن ئارمىيەنى 3 دىن بىر قىسمىنى قىسقارتىش دەپ تاشلىغان فىكرىنى رەد قىلدى.

4 - ئامېرىكا غەربى گېرمانىيە ۋە ياپونىيەنى پاتال قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تەجاۋۇزچىلىق سىپىنىڭ ئاۋانگاردى قىلىش ئۈچۈن سۈيى قەست قىلماقتا. بۇيىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئېچىلغان ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە 3 دۆلەتنىڭ خارجى مىنىستىرلىرى يىغىنىدا، غەربى گېرمانىيەنى قوراللاندۇرۇش دەپ قارار قىلىشتى.

5 - ئامېرىكا شىمالى ئاتلانتىك مۇئاھىدىسى ۋە پان ئامېرىكا مۇئاھىدىسىدىن ئىبارەت بولغان تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشقا ھازىرلىق قىلىش مۇئاھىدىلىرىنى ئىمزالاشقا باشچىلىق قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچ ئوكيان مۇئاھىدىسىنى ئىمزالاشقا



ھەركەتلىنىپ، شۇنىڭ ئارقىلىق يىراق شەرقتىكى ھەربىر دۆلەتلەرنىڭ تەئۇر ھەرىكەتچىلىرى كۈچى بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ، جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قارشى چىقىشقا سۇئى قەست قىلماقتا.

6 - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ بەش كۈچلۈك دۆلەت بىر بولۇش دېگەن پرىنسىپىنى بۇزۇپ، تىخىمۇ ئىلگىرلەپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى تەجاۋۇز قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇشقا سۇئى قەست قىلماقتا.

7 - غالجىرلارچە ئۇرۇش تەشۋىقىنى تارقاتماقتا. ئامېرىكا دېڭىز فلوتىنىڭ مىنىستىرى ماشۇس 8 - ئاينىڭ 25- كۈنى سۆزگە چىقىپ، ئاشكارا يوسۇندا، «ھەر قانداق چوڭ چىقىم قىلىشتىن ھەتتا ئۇرۇش قوزغاشتىن چوڭ چىقىمنى قىلىشتىن تارتىنمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ بىز بىلەن بىرگە مەجبۇرەن ھەمكارلىشىشىنى قولغا كەلتۈرىمىز، ھەممە تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوغوغۇچىلار، دېگەن نامنى ئىشلىتىمىز قورقۇپ قالمايمىز» دېگەن ئىدى. 25- ئوكتەبىر كۈنى ترۇمېننىڭ قىلغان سۆزىدە شۇنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. «ئامېرىكانىڭ ھازىر قەتئىي ئىتائەت قىلىنىدىغىنى»، بەلكى «داۋاملىق يۈرگۈزۈدىغىنى»، «ۋە بىردىن - بىر نىشانىسى» بولسا، «ئۇزىنىڭ قورالىق كۈچىنى ئاشۇرۇدىغان نىشانەدۇر، ھەممە بىرلەشكەن دۆلەتلەر قورالىق كۈچىنى ئىشلەتىشكە چوقۇم ھازىرلىق كۆرىدۇ».

(ت) تەجاۋۇزچىلىق ھەم ئۇرۇش سىياسىتى ئامېرىكادىكى چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ پايدىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ھەربى قورال زاكازلىرىدا چوڭ پايدىلارغا ئىگە بولىدۇ.

سوۋيېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ «ئىزۋېستىيە» گېزىتىنىڭ ماتېرىيالىغا قارىغاندا ئامېرىكانىڭ سانائەت تۈركۈملىرى، 2 - جاھان ئۇرۇشىدا 53 مىلياردتىن ئارتۇغىراق ئامېرىكا دوللارى پايدىسىغا ئېرىشكەن، 1942- يىلى، 5 شىركەتنىڭ ئومومى پايدىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1936 نچى يىلىدن 1939 نچى يىلغىچىلىك بولغان پايدىلىدن
بىر ھەسسەدىن ئارتۇق ئېشىپ كەتكەن. ئامرىكا يـوزە يىتىل
پىرىس ئاگىنتلىغىنىڭ ئېلان قىلغان ماتىرىيالى شۇنى ئىسپاتلىدى
لىدىكى، دىرومىينىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش سىياسىتى 56
سانائەت گروھىنىڭ ئومۇمى كاپىتال قىممىتىنى ئىككى يىل جەر
يانىدا ( 1947- يىلىدن 1949- يىلغىچە ) 103 مىليارد 500 مىليون
ئامرىكا دوللارىنى 135 مىليارددا ئارتتۇرغان. بۇ يىقىندا چىق
قان « ئويىل ئىستىرىيت » گېزىتىنىڭ ماتىرىيالىغا قارىغاندا
ئامرىكادىكى 321 ئەپەر باي شۇ يىلنىڭ 2- پەسلىدە ئۇرۇش
كەن پائىدىلىرى ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش واختىدىكى فائىدىسى
لىرىدىن 48 فائىز ئارتقان. شۇ سەۋەبلەر ئامرىكانىڭ چـوڭ
كاپىتالىستلىرىنى ئۇرۇشقا قىزقتۇرماقتا .

3- ئامرىكانى مەغلۇپ قىلىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇ، پە
قەت كاغەز يولبارس بولۇپ، ئاخىرى پۈتۈنلەي مەغلـوب
بولىدۇ .

1- ئامرىكا جاھانگىرلىكى سىياسى جەھەتتە يېكىلىدۇ .
ئامرىكا قەيەرنى بولسا بىر جايىدا تەجاۋۇزچىلىق قىلغانلىغى ئۈ
چۈن، پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىق پەرۋەر ھۆررىيەت پەرۋەر ئەل
لەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇدۇ. 475 مىليون جۇڭ
گو خەلقى 200 مىليون سوۋىت خەلقى، وە كورىيە خەلق
دىموكراتىك جەمھۇرىيىتى ، ۋېيتنام دېموكراتىك جەمھۇرىيىتى
پولشا، چېخسلاۋاكىيە، گېرمانىيە خەلق دىموكراتىك جەمھۇ
رىيىتى، رومىنىيە، بولغارىيە، ۋېنگرىيە، ئالبانىيە، موڭغولىيە
خەلق دىموكراتىك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى مالاي، فىلىپپىن،
ھىندىچىنى، بىرما، ھىندستانلاردىن ئىبارەت مۇستەملىكە وە
يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەت خەلقلىرى، شۇنىڭدەك فرانسىيە،
ئىتالىيە، ئەنگلىيەلەردىن ئىبارەت كاپىتالىستىك مەملىكەتلەر بىلەن
ئامرىكانىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سەزگۈر ( ئويغانغان ) خەلقلەر
نىڭ ھەممىسى قارشى تۇرۇدۇ. ھازىر پۈتۈن دۇنيا بـويىچە
500 يۈز مىليوندىن ئارتۇق خەلق ئۇرۇشقا قارشىلىق بىلدۈرۈپ،
تىنچلىق چاقىرىقىغا ئىمزا قويدى وە ئاتوم بومبىسىنى مەنئى قى
لىشنى تەلەپ قىلدى. مانا بۇ قويۇلغان ئىمزالار ھەممىسى بىر
دەك تەجاۋۇزكارلىق ئۇرۇشقا قارشىلىق بىلدۈرۈشتۇر وە بـۇ



ھەرىكەت ئامرىكا، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت كاپىتالىستىك دۆلەت خەلق
لىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدى. ھەر بىر جاھانگىر دۆلەتلەر
ئارا كۈچلۈك قايمۇ-قارشىلىقلار بولىۋاتىدۇ. ئەلبەتتە بۇ ئە
لەرنىڭمۇ تەجاۋۇزكارلىقنى كېڭەيتىۋاتقان ئامرىكا جاھانگىر
لىكىگە بېرىلىدىغان قىيىنچىلىقى ئاز ئەمەس .

2- ئامرىكانىڭ ھەربى جەھەتتىكى ئاجىزلىغى .

ئا. ئۇرۇش سەپـى بەك ئۇزۇن .

ئەگەر ئامرىكا 3 نچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىماقچى بول
سا ئۇ ئۇرۇش سەپلىرىنى غەربى ياۋروپادىن تا- شەرقى ئازىي
ياغىچىلىك ئارتىپ ئالاھەزەل 20 مىڭ يول بولىدۇ. مۇساپەگە يەت
كۈزۈش كېرەك بولىدۇ. بۇنىڭدەك ئۇزۇن ئۇرۇش سېپىنى
قورۇش تېخى دۇنيادا بولۇپ كۆرۈلگەن ئىش ئەمەس. بولغان
تەقدىردىمۇ ئۇنى بۇزۇپ تاشلاش ئاسان. ئوتتۇرىدا ياپونى
يەنىڭ يىراق شەرقتىكى ئۇرۇش سېپى، گېرمانىيەنىڭ ئاۋروپا
وە ئافرىقادىكى سوقۇش سەپلىرىنىڭ ئېڭ ئۇزۇنى 10 مىڭ يول
لۇق مۇساپەدىن ئارتۇق بولغان ئەمەس، يانا بۇنىڭدەك ئۇزۇن
ئۇرۇش سەپلىرىدە جەڭ قىلىشتا ئەسكەرى كۈچ تارقىلىپ باش
ئاياقنى بىرلەشتۈرۈپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنىڭ مۈشكۈل ئىكەنلىگى
چوقۇمدۇر.

ب- ئارقا سېپى بەك يىراق. دېمەك ئامرىكا چېرىكلىرى ئۈ
چۈن ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتا، ئاتلانتىك ئوكيان وە تىنچ ئوكيا
نلاردىن ئۆتۈپ، يىراق جايلاردىكى غەيرى يەرلەرگە بېرىپ
سوقۇشقا توغرى كېلىدۇ. ئەلبەتتە بۇ يەردە نەقلىيات ئىش
لىرىگە كېتىدىغان چىقىملىرىمۇ ئاز بولمايدىغانلىغى كۆرگە
كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشدۇر . ئامرىكانىڭ مەيلى غەربى ياۋروپا
وە شەرقى ئازىيالار بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراقلىغى ئاسىيا
بولمىسۇن 20 مىڭ يولدىن يىقىنى يوق. ئۇنىڭ تەجاۋۇزكار
چېرىكلىرى ئالغا باسقانسېرى ئۇنىڭ ئارقا سەپلىرى يىرا
قلىشىۋېرىدۇ. ئوتتۇرىدا گىتلېر گېرمانىيەسى سوۋىتلەر ئىتتى
پاقىغا تەجاۋۇز قىلغاندا وە ياپونىيە جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىپ
كىرگەن چاغلاردا، ئۇلارنىڭ ئارقا سەپلىرى ئېڭ يىراق بولغاندى
ۋە، 5-6 مىڭ يولدىن ئاشمايتتى. شۇنىڭدەك گىتلېر ئافرىقاغا،

ياپونىيە مالايغا ھۇجۇم باشلىغان چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقاسەپ
لىرى 10 مىڭ يولدىن ئاشمىغان ئىدى.

ئامرىكا بۇ قېتىم كورېيەگە تەجاۋۇز قىلىشقا ئارقا سەپپى زاھا
ھىتى يىراق بولغاچقا، ئەسكەرلەرنى تەئمىنلەش وە ئەزۇق
يەتكۈزۈش جەھەتلەرىدە، نورغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى.
وە ئۇچرىماقتا. ئامرىكا ئاخبارات باشقارماسىنىڭ خەۋرىگە
كۆرە، ئامرىكا دەۋلەت مىنىستىرلىگىنىڭ ئارقا سەپ ئىشلەر مۇ
تەخەسسىسى كورېيەگە تەجاۋۇز قىلىۋاتقان ئامرىكا ئەسكەر
لىرىگە تەمىنات يەتكۈزۈشنىڭ قىيىنچىلىغىنى سۆزلەپ شۇنداق
دەيدۇ: «كورېيەدىكى ئەسكەرلەرنىڭ بارلىق لازىملىق نەرسىلە
رى مەسىلەن مىلتىق، زەمبىرەك، سۇدىن ساقلىنىش ئەسۋابلىرى،
ھەتتا سۇدىن ئۆتۈدىغان چاغدىكى كۆۋرۈك ياسايدىغان پەن
ياغاچلارنىمۇ پۈتۈنلەي ئامرىكادىن يەتكۈزۈپ بېرىش توغرى
كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلۇغ ئوكيانىدىن ئۆتۈشتە 5 مىڭ
يول (جۇڭگو مۇساپەسىدە 16 مىڭ يول بولىدۇ) ئارىلىقنى
بېسىپ ئۆتۈش كېرەك. ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئامرىكادىن چىقىپ،
كورېيەدىكى پورتقا يېتىپ قورۇغلۇققا چىققۇچىلىك ئارىلىقتا
تۈپ-توغرا يىرىم ئاي ۋاقىت ئۆتىدۇ. ھەر قېتىم كورېيەگە ئە
ۋەتىلگەن ئەسكەرلەر ئۈچۈن 6 توننا مىقياستىكى قېيۇ بىلەن
لازىملىق نەرسىلەرنى بىرگە ئېلىپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ھازىر مۇ
شۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنى ھەر ئايدا ئازدىگەندە بىر توننا
دىن نەرسە بىلەن ئۆزلۈكسىز تەمىنلەپ تۇرۇشقا توغرى كېلى
ۋاتىدۇ. بۇ نەرسىلەر رەسمى ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋاقىتتىكى
لازىملىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئارىلىقنى ئېلىپ ئېيت
قاندا، شىياتودىن كورېيەدىكى فۇسەن دېڭىزىغىچىلىك 4649
ئەنگىلىز مىلى (جۇڭگو مىلىدا 14 مىڭ 800 يۈزدىن ئارتۇق
يول بولىدۇ) بولۇپ، 19 يىرىم كۈندە ئاران يېتىپ بېرىش
مۇمكىن. ھەر بىر سائەتىگە 15 دېڭىز مىلى ماڭالايدىغان
پاراخودمۇ ھەر قانچە تىز بولسىمۇ 13 كۈندە ئاران يېتىپ بارى
دۇ. مانا بۇنىڭغا قارىغاندا، ئامرىكانىڭ كورېيەدە ئۇرۇش
ۋاتقان ئەسكەرلەرنى تەمىنلەشتە قانچىلىك قىيىنچىلىققا ئۇچراۋا
تقانلىقىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.



ت- ئامرىكانىڭ ئەسكەرى كۈچى يېتەرلىك ئەمەس، ئەسكەر
لەرنىڭ روھى پەس وە ئۇلاردا ئەمەلى ئۇرۇشلادا بولغان تە
جرىبىلەر ئاز. ئامرىكانىڭ ھازىرقى ئەمەلىيەتتە بار بولغان
ھاوا، قورۇغلۇق، دېڭىز ئەرمىيەسىنىڭ جەمئى سانى بىرمىليون
458 مىڭدىن ئارتۇغراق. لېكىن 3 دىن 2 قىسمى رەسمى جەڭگە
قاتنىشىپ كۆرمىگەنلەردۇر. ئامرىكانىڭ ھازىر مۇنتەزىملەشكەن
قورۇغلۇق ئەسكەرى ئونبىر دىۋىزىيە وە قورۇقلۇقتا جەڭ قىلى
لىدىغان ئىككى دىۋىزىيە ھەملە بۇنىڭ تاشقىرىدا ئاز-تولا ياردەم
چى قىسىملىرى بار. ئامرىكا 10 مىليون نوپۇسلۇق ياش
شىمالى كورېيە جۇمھۇرىيىتىگە تەجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن، گەر
چە يىراق شەرقتىكى بارلىق ئەسكەرى كۈچىنى ئىشلىتىپ،
دەۋلەتنىڭ ئىچىدىكى زاپاس ئەسكەر كۈچلىرىنى وە بېقىندى
دەۋلەتلەرنىڭ ئەسكەرى كۈچلىرىنى سەفەربەرلىككە كەلتۈر
گەن بولسىمۇ، ئەمما ئەسكەر كۈچىنى ئىخچە يەتكۈزەلماي
ۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ پۈتۈن دۇنيا يۈزىلىك تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى
نى باشلىسا، ئۇنىڭ ئەسكەر كۈچى ئەلۋەتتە يېتىشسىزلىك قىلى
دۇ. ئامرىكا گەرچە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەسكەر سانىنى كۆ
پەيتىۋاتسىمۇ، لېكىن ھەر قانچە قىلغىنى بىلەن ئۇنىڭدا يەنە
ئەسكەر تەرەپپىدىن قىيىنچىلىق بار گەپ. شۇنىڭدەك ئۇلاردىكى
ئەسكەرى كۈچىنىڭ يېتىشسىزلىك مەسىلىسى ئاسانلىقچە يېڭىلالى
دىغان قىيىنچىلىقلاردىن ئەمەس. پەملىشىمىزچىمۇ، ئامرىكا بىلەن غە
ربى ئاۋروپادىكى بېقىندى دەۋلەتلەرنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ھە
رىكەتكە كەلتۈرگەندە ھەر قانچە جىق بولسىمۇ، 40 مىليوندىن
ئاشمايدۇ. ئەمما سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ھەر بىر دېموكراتىك
مەملىكەتلەرنىڭ كۈچى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەندە 60 مىليون
دىن ئارتىشى مۇمكىن. ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرى كۈچى بىر
ھەسسە پەرق ئېتىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى تەجرىبە
لەر شۇنى ئىسپاتلايدىكى، ئامرىكا ئەسكەرى كۈچلىرىنى سە
فەربەرلىككە كەلتۈرۈشى، ئۆتمۈشتىكى گىتلېر گېرمانىيە
سىگىمۇ يېتىشەلمىگەنلىكىنى كۆرسۈتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئامرىكا 11 مىليون
ئەسكەر كۈچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن بولسا، گېرمانىيە 17
مىليون ئەسكەر كۈچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ 3- ئايلاردا ئامېرىكادىكى ھەربىي مەسلىھەتچىلەر يېقىن
ئۇرۇش دارىلفۇنۇنى تەرىپىدىن ئەسقەرلىكىدىن زورلاپ ئاچقان
بىر ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئاۋروپادا سوۋېتكە قارشى ئۇرۇش
قوزغاش ئۈچۈن دەسلەپكى 6 ھەپتە ئۈچۈن 90 دىۋىزىيەلىك ئەسكەر
كۈچى لازىم بولغان. ئامما ئاتلانتىك موئاھىدىسىگە قاتناشقان
دۆلەتلەردە بولغىنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئىككى مەملىكەتنىڭ
ئاۋروپادىكى ئاساسى ئەسكەرلىرى ئالدىنقى 6 ھەپتە ئىچىدە
پەقەت 30-35 دىۋىزىيەلىك كۈچىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكىلا مۇمكىن
بولغان. ئاۋروپادىكى 8 دۆلەت 3 يىلدىن 5 يىلغىچىلىك تەربىيە ئال
غاندىمۇ ئارانلا 60 دىۋىزىيەلىك ئەسكەر كۈچىنى يېتىشتۈرۈش
مۇمكىن.

ماھا بۇ فاكىتلاردىن ئامېرىكا ئەسكەرلىرى جەمئىيەتلىكى يېتىش
سىزلىكىنى يېگىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا
ئەسكەرلىرى نېمە ئۈچۈن سوقۇشىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقلىرى
ئۈچۈن روھلىرى ناھايىتى پەس دۇر. ئامېرىكا چېرىكلىرىنىڭ سو
قۇش روھلىرى ياپون ئەسكەرلىرى بىلەن نېمىس ئەسكەرلىرى
گە يېتىشەلمەيدۇ. بۇ ئىككىنچى جاھان ئۇرۇش ۋاقتىدىلا
ئىسپاتلىنىپ بولغان. ئامېرىكا ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا ئۇرۇ
شقا كېيىنرەك قاتنىشىپ، ئەسكەرلىرىمۇ ئاز چىقاردى. شۇنىڭ
بىلەن بىرلىكتە، ئۇنچە چوڭ مىقداردا ئايىغى زور كۆلەمدىكى جەڭ
سىناقلىرىدىن ئۆتكىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا ئەمەلىي
ئۇرۇش تەجرىبىلىرى كەم.

س- ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى كۈچسىز، ئۇنىڭ مۇشتلىكى
ھەرىپلەردىكى كۈچلۈك بولغان دۆلەتلەر مەسىلەن گېرمانىيە بىلەن
ياپونىيەلەر ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولدى. ئامېرى
كا ئۇلارنى قايتىدىن قوراللاندۇرماقچى بولسىمۇ، لېكىن قورال
لاندۇرۇپ كېتەلىگىنى يوق. ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە مە
ملىكەتلىرى ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا ناھايىتى زور زىيان
لارغا ئۇچرىغانلىقتىن، ھازىر كۈچلۈك ھەربىي دۆلەتلەر قاتارىدىن
چۈشۈپ قالدى. ماھا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئامېرىكا تەجاۋۇز
كارلىق ئۇرۇشىدا ياردەمچىلەردىن كەمبەغەل.



د . ئامېرىكا گەرچە دۇنيادىكى بىر مۇنچە جايلىرىدا ھەر
بىي بازالار قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يىراق شەرق بىلەن غەربىي
ئاۋروپا تەرەپلەردە ئالغا بېسىش بازىسى قىلىدىغان كۈچلۈك
رەك ئاساسى بازىلىرى يوق. ئامېرىكا ئەسلىدە ئەنگلىيە بىلەن
فرانسىيەنى مۇشۇنداق بازىغا ئايلاندۇرىمەن دەپ قەستلىگەن
ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ سۇيىقەستى ئەنگلىيە، فرانسىيە خەلق
لىرىنىڭ قارشى چىقىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىدى. ھازىر ئامېرىكا
ياپونىيە بىلەن گېرمانىيەنى مۇشۇنداق بازىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇ
نۇپ كۆرگەن ئىدى. لېكىن يەنە گېرمانىيە، ياپونىيە ئىككى
دۆلەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. شۇڭلاشقا بۇ پىلا
نىمۇ ئەمەلگە ئېشىشى ئاسان ئەمەسدۇر. ئۆتمۈشتە ياپونىيە
جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىشتىن ئەۋۋەل، ئالدى بىلەن كورېيە ھەم
مانجۇرىيەنى ئىشغال قىلىۋېلىپ بۇ ئىككى جايىنى جۇڭگوغا تە
جاۋۇز قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ئاساس قىلغان ئىدى. گېرمانىيە
سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا تەجاۋۇز قىلىشتىن ئەۋۋەلمۇ، ئالدى بىلەن چې
خوسلوۋاكىيە، ئاۋستىرىيە، پولشالارنى بېسىۋالغان. بۇ جايلار
نى ئۇنىڭ سوۋېتكە تەجاۋۇز قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ئاساسى
بازىسى قىلغان ئىدى. لېكىن ھازىر ئامېرىكا مەقسەد قىلغان جاھان
ئۇرۇشىنى قوزغاشتىن ئەۋۋەل ئۇنىڭ كۈچلۈك ھەربىي بازىلار
قۇرۇش پىلانىنى ئورۇنلىشى ناھايىتى مۇشكۇل ۋە ئەمەلگە ئاش
مايدىغان بىر مەسىلە. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بولۇپ، ھەربىي
جەھەتتىكى ئاجىزلىقلار ئامېرىكانىڭ بولغۇسى تەجاۋۇزكارلىق
ئۇرۇشىدا 2- جاھان ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى گېرمانىيەنىڭ تەقدىر
ىنىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى قازغان ئورىغا چۈشۈپ
قۇيۇشى تەبىئىي.

3- ئامېرىكا گەرچە ماددى بايلىق جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە
ئىگە، ئۇنىڭدا پولات، تۆمۈر، كۆمۈر، ماي (نېفىت) مەھسۇ
لاتى جىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەربىي تەرەپتىكى ئاجىز
لىقلىرى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ئانچە كۈچكە ئىگە بولال
ماسلىقنى ئويغىتىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: تەقلىيات يوللىرىنىڭ يىراق
بولۇشى ئۇنىڭ كۆمۈر ۋە ماي چىقىمىنى ئاشۇرۇپ ئەكەتىدۇ
دۇ. دېمەك قاتناش (توشۇش) ئىشلىرى مۇشكۇل بولغان
لىقتىن كېيىن ماددى نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدا تەمىنلەپ تۇرۇشنىڭ

تىخىموقىيىنلىشىشى تەبىئىدور. شونوڭ ئۈچۈن ئامرىكا بەزى
جەھەتلەردىن ئۈستۈن بولسىمۇ، ئۇ پەقەت بىر واقىتلىقلا ئۈستۈن
لۈك بولۇپ، ئەگەر ئامرىكا جاھان ئۇرۇشىنى قوزغىغان تەق
دىردە غەربى ئاۋروپانىڭمۇ تېزلا ئازاد بولۇپ كېتىدىغانلىقى
شەكسىزدۇر. ئۇچاغدا ، ماددى بايلىق تەرەپدىن ئىككى تەرەپدە
زور ئۆزگىرىش (باشقىچىلىق ) ووجودقا چىقىدۇ. ئامرىكانىڭ بايى
قىدەك ئالاھىدە ئۈستۈنلىگى يىمىرىلىدۇ. پولات مەھسۇلاتى نۇقتە
ھەتدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئامرىكانىڭ 1949- يىلدىكى پولات مەھسۇ
لاتىنىڭ مقدارى 70 مىليون 600 مىڭ تونىنا بولدى. غەربى ئاۋ
روپادىكى پولات مەھسۇلاتى بايىراق بولغان دەۋلەتلەردىن ئەنگى
لىيە، فرانسىيە ( بونىڭغا غەربى گىرمانىيەنىڭ سائار رايونىمۇ كىرى
دۇ ) . بىلگىيە، لىوكسىنبورگ ، ئىتالىيە 5 مەملىكەتنىڭ پولات
مەھسۇلاتلىرىنى جەمىلەپ ھىساپلىغاندا، 33 مىليون تونىنادىن ئار
توغراق بولۇدۇ. سوۋيتلەر ئىتتىپاقى، جوڭگو، چىخسلاۋاكىيە،
پولشا، بولغارىيە، وېنگرىيە، رومىنىيە وە گىرمانىيە دىموكراتىك
جەمھورىيەتلىرى بولۇپ، 8 مەملىكەتنىڭ بىر يىللىق پولات مەھسۇلا
تىنى ھىساپلىغاندا جەمئى 34 مىليوندىن ئارتىدۇ. ئاۋروپا ئازاد
قىلىنغاندىن كېيىن، سوۋيتلەر ئىتتىپاقى وە خەلق دىموكراتىك
مەملىكەتلەر بولۇپ ئۇنۇڭغا غەربى ئاۋروپا مەملىكەتلىرىنى قوش
قاندا يىللىق پولات مەھسۇلاتى 67 مىليون تونىنادىن
ئاشىدۇ. مانا بۇ واقىتدا ئامرىكا پولات مەھسۇلاتى بىلەن تەك
بولۇدۇ. يەنە بىر تەرەپدىن سوۋيتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ھەربىر دىموك
راتىيك مەملىكەتلەرنىڭ ئىجتىمائى تەرتىبى ( تۈزۈمى ) ئۈستۈن
وە ھەربىر كىرەكلىك ئىشلەپ چىقىرىشى جەھەتدە ھەريەكەتلەندۇ
رۇش ئىقتىدارى ئارتۇق . مەسىلەن ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى
مەزگىلىدە، سوۋيتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تانك، زەمبىرەك ئىشلەپ چىقى
رىشى گىرمانىيەدىن ئارتۇق بولۇپلا قالماسدىن، بەلكى ئامرىكا
دىنمۇ ئارتۇق ئىدى . 1941- يىلدىن 1944- يىلغىچىلىك سوۋيتلەر
ئىتتىپاقىدا تانك ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ يىللىق مقدارى 30 مىڭ ، زەم
بىرەك ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ مەھسۇلات مقدارى 220 مىڭغا يەتكەن
ئىدى. 1944- يىلى ئامرىكانىڭ ئوتتۇرا ئېغىرلىق وە يىنىك تانك ئىش
لەپ چىقىرىشدىكى يىللىق مقدارى 17 مىڭ 500 ، ئېغىر زەمبىرەك



وە پولىموت تۇلۇپلىرى. زىنىت توپى ھەم گوبىتسا توپ ئىشلەپ
چىقىرىش مەھسۇلاتىنىڭ مقدارىنى جەمئىلىگەندە 48 مىڭ 100بول
دى. مانا بۇنىڭدىن پولات مەھسۇلاتىنىڭ ئارتۇقلوق مقدارى قو
رال ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ نىسبەت جەھەتدىن ئارتۇقلىغىنى بەلگىلى
يالمايدىغانلىغىنى كورگىلى بولۇدۇ.
4 - ئامرىكا كۈچىنىڭ بارىچە ئاتوم بومبىسىنى
داڭلاپ ئۇنى دوق قىلىش بىلەن ھەر بىر دولەت
خەلقلىرىنى قورقۇتماقچى بولۇدۇ . ئاتوم بومبىسى ئەلبەتتە
مەنى قىلىنىشى تىيگىشلىك بولغان مودھىش قورال. ئەمما ئۇنىڭ
ھەربى ئىشلەر جەھەتدە ئوينايدىغان رولى ئانچە بولماسدىن فە
قەت كەڭ مقياستاراق بومباردىمان قىلىشدىن ئىبارەتدۇر. ( موتە
خەسسىلەرنىڭ پەملىرىچە، بىردانە ئاتوم بومبىسى تەخمىنەن 2000
ياكى 3000 تونىنا ئادەتتىكى بومبىلارغا توغرى كىلەرمىش. )
لېكىن بۇ نەرسە ئۇز واقتىدا گرمانىيەنى مەغلۇپ قىلالمىدى.
ئەڭ ئاخىردا گرمانىيەنى سوۋيت ئەرمىيەسى تار - مار قىلدى.
بەلكى ئاتوم بومبىسى ھەربى رول جەھەتدىمۇ كەمچىلىكدىن
خالى ئەمەس. بىرىنجى: ئۇ، ياسىلىشى موشكول ( كوپ واقت
تەلەپ قىلىدۇ ). ئۇنۇڭغا كېتىدىغان چىقىم جىق . شوڭلاشقا
ئۇنى كوپ مقداردا ئىشلەش موكمىن ئەمەس . ئامرىكانىڭ
ھەربى ئىشلەر ئەنزارچىسى ئاۋىرويىنىڭ 1949 - يىلى سىنتەبىر
دىكى ھىسابىدا ئامرىكا تورت يىل واقت ئىچىدە فەقەت بىر نەچ
چە يۈز ئاتوم بومبىسى ئىشلەپ چىقارالىغان بولۇپ، بۇ ئاتوم
بومبىلىرىنى ياساش ئۈچۈن بەش مىليارد ئامرىكا دوللارى
چىقىم قىلغان. 2 نجى: ئۇنۇڭ بۇزۇش مقياسى زور بولغاشقا
ئەرمىيەنىڭ ( بومبا تاشلىغوچى تەرەپ ئەرمىيەسىنىڭ ) ھىلاكەت
دىن ساقلىنىشى ئۈچۈن بونى ئۇرۇش بولوواتقان فرونت ئۈستىي
دە ئىشلىتىش خەتەرلىكدۇر. شوڭلاشقا، بۇ ئارقىلىق قارشى تە
رەپنىڭ ئۇرۇش كوچىنى بىۋاستە بۇزغىلى بولمايدۇ. 3 نجى:
ئاتوم بىلەن فەقەت زورىراق وەيغىنچاق ئىشانلارنى بومباردىمان
قىلىشقا بولۇدۇ .
(مەسەلەن: چوڭ ھەربى سانائەت شەھەرلىرىنى وە ئۇلور
غون مقداردىكى ئەسكەر توپلانغان گەزەرمىلارنى ). شوڭ
لاشقا مەملىكەت زىمىنى كەڭرى وە خەلق نەفوسى تارقاق

بولغان مەملىكەتلەردە ئاتوم بومباسىنىڭ كۈچى ئانچە قورقو
نۇچلۇق بولمايدۇ. ئاتوم بومبىسى هازىر يالغۇزلا ئامرىكادىلا
بار نەرسە بولماستىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىمۇ ئاللا قاچان بار
لىققا كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەردۇر. موبادا! ئامرىكا ئاتوم بومبى
سىنى تاشلىماقچى بولسا، ئەلبەتتە ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋاب
تەييار. ئامرىكانىڭ سانائەت ئورۇنلىرى، شەهەرلىرى يىغىنچاق
بولغانلىقتىن، ئاتوم بومبىسىنىڭ ئەكسىنچە ئامرىكاغا بولغان
خەۋفى چوڭ. مانا بو ئىش ئامرىكاغا ئوخشىغان ئۇرۇش خو
مارلىرىنىڭ بىر ئويلاپ كۆرۈشىگە تېگىشلىك ئىشلەردىندۇر.

يوقورىدىكى ئەهۋالاتلەردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، موبادا
ئامرىكا جاهانگىرلىكى ئۈچۈنچى جاهان ئۇرۇشىنى قوزغاشقا
تەۋەككۇلچىلىك ( جۈرئەت ) قىلسا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ باش
چىلىقىدىكى دۇنياتىنچلىق لاگېرىنىڭ ئۇنى مەغلۇب ( يەر بىلەن يەك
سان ) قىلىدىغان كۈچى بار. جوڭگو - سوۋېت ئىككى دەۋ
لەت ئىتتىپاقلاشتى. ئىككى مەملىكەتتە 700 مىليون خەلق بار،
بۇنىڭغا باشقا خەلق دېموكراتىك مەملىكەتلىرىنى قوشقاندا،
جەمئى 830 مىليون خەلق بولىدۇ. شۇنىڭدەك جوڭگو بىلەن
سوۋېتلەر ئىتتىپاقى كەڭ تېررىتورىيە ۋە مول يەر ئاستى بايلىق
لىرىغا ئىگە. ئىككى دۆلەت خەلقى هازىر بىر ئىتتىپاققا كەلدى.
بۇ ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلابى سوقۇش
ۋە تاۋلىنىشلەر ( چېنىقىشلەر ) دىن ئۆتكەن بولۇپ قۇدرەتلىك خەلق
ئەرمىيەلىرى بار. ئۆتمۈشتىكى گېتلېر بىلەن ياپون قاراقچىلىرى
مۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن جوڭگو تەرەپىدىن مەغلۇب قىلىنغان
ئىدى. هازىر سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن جوڭگو گېتلېر ۋە
ياپون قاراقچىلىرى ئۈستىدىن غالىبىيەت قازانغان ۋاقىتتىكى
دىنمۇ بۈيۈك كۈچلەرگە ئىگە بولدى. ئامرىكا پەقەت ماددى
رابلىق جەهەتتىن گېرمانىيە بىلەن ياپونىيەدىن سەل ئۈستۈنرەك
بولسىمۇ، باشقا تەرەپلەردىن گېتلېر بىلەن ياپون قاراقچىلىرىغا
يېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئامرىكا ئۆز كۈچىنى ئۆلچەپ باقماي ( ها
لىغا قارىماي ) 3- جاهان ئۇرۇشىنىڭ ئوتىنى ياقىدىكەن، ئۇنىڭ
گېتلېر بىلەن ياپون قاراقچىلىرىدىنمۇ زوربراق مەغلۇبىيەتكە
ئۇچراپ ۋەيران بولۇشىدا شەك يوق.

# باشلار تەربىيەسى 1)

## ئاممىغا كۆز قاراش

كونا جەمئىيەتتە كىشىلەر « هۆرمەتلىك كىشى» ۋە «ئاددى
كىشى» ، « يوقورى قاتلاملىق كىشى» ۋە « توبەن قاتلاملىق
كىشى» گە بۆلۈنىدۇ. « هۆرمەتلىك كىشى» ۋە « يوقورى قات
لاملىق كىشى» دېيىلگەن كىشىلەر بىر توپلام كىشى كۈچى فا
ئىدىلىنىپ ئەزگۈچىلەر سىنىپىنى « ئاددى كىشى» ۋە « توبەندىكى
قاتلاملىق كىشى» دېيىلگەن كىشىلەر ئەمگەكچى ئىشچى - دىهقانلار
ئاممىسىنى كۆرسىتىدۇ. كىشى كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئەزگۈچىلەر
سىنىپىنىڭ فىكرىچە، پەقەت موشو « هۆرمەتلىك كىشى» ۋە « يو
قورى قاتلاملىق كىشى» لەرلا هۆرمەتكە لايىق بولىدۇ. دۆلەت
نى ئىدارە قىلىش ۋە دۇنيانى تىنچلىتىشتا ئۇلارنىڭ پۈتكۈل مە
نپەئەتى ۋە ئېهتىياجىنى ئاساس قىلىش لازىم، ئەمگەكچى ئىشچى-
دىهقانلار ئاممىسىغا كەلسەك، ئۇلار بۇلارغا قارىتا هېچ بىر ئوي
لىنىپ تۇرماستىن نىمىنى ئويلىسا، ۋە نىمىنى تىلىسە شۇنى
قىلىدۇ. ئىشچى - دىهقانلارنىڭ پەقەت ئات، كالا ئورنىدا ئىشلەپ
« هۆرمەتلىك كىشى» ۋە « يوقورى قاتلاملىق كىشى» لەرنى
بېقىشى كېرەك. يېڭى دېموكراتىيەلىك جەمئىيەتتە كىشى كۈچى
دىن پايدىلىنىپ ئەزگۈچىلەر سىنىپىنىڭ بۇنداق مەفكۇرىسى
كىشى ئېڭىدا ئاز - تولا ساقلىنىپ قالىدۇ. بىزنىڭ يېڭى دېموك
راتىيەلىك هەتتا كېيىنمۇ ئۇبدان كوممۇنىستىك جەمئىيەت قۇرۇ
شىمىز ئۈچۈن بو مەفكۇرە بىلەن كۆرەش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.
يېڭى دېموكراتىيەلىك هاكىمىيەت پرولېتارىيات رەهبەرلىك
قىلغان، ئىشچى - دىهقانلار ئىتتىپاقى ئاساس قىلىنغان خەلقنىڭ

1) بېشى ئۆتكەن ساندا

دېموكراتىيەلىك دىكتاتوراسىدۇر. بۇ جەمئىيەتتە، خەلق دۆلەتنىڭ
ئىگىسى بولۇپ، ئىمپېرىيالىزىم، فېئودالىزىم ۋە بيۇروكرات
كاپىتالىزىمنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە دىكتاتورلۇق يۈرگۈزىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق جەمئىيەتتە، كەڭ كۆلەمدە خەلق ئام
مىسىنىڭ بولۇپمۇ ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنىڭ فىكىر ۋە تەلەپ-
لىرىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم.
جەمئىيەتنىڭ ئىش تەقسىماتىدا، تۈرلۈك ئىدارە تەشكىلات
لىرى ھەممە ھەر دەرىجىلىك ئىش مەسئۇللىرى ۋە
يولباشچىلارنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر. خەلق، كۆپچىلىكنىڭ
ئىشىنى باشقۇرۇشقا ئۆز يولداشلىرى ئىچىدىن سىياسى سەزگۈر
لىكى ئۈستۈن، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىل بولالايدىغان تەجرىبى-
يىك ۋە بىلىملىك كىشىلەرنى سايلايدۇ. بۇ كادىرلاردا رەھبەرلەر
كونا شەكىلدىكى ئەمەلدارلاردىن تۈپ ئاساسى بىلەن پەرقلىنى-
دۇ. ئۇلار ئىمپېرىيالىزىم، فېئودالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلماي
دۇ، بەلكى خەلق ئۈچۈن بولۇپمۇ ئاددى بىلەن ئەمگەكچى ئىش
چى-دېھقانلار ئاممىسى ئۈچۈن سەمىمى خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار
خەلقنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك ئىشچىسى، خەلق ئۇلار ئۈستىدىن نا
زارەت قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە خىزمىتىنى يۆتكەش ھوقۇقىغا ئىگە.
- ھەر بىر كىشى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە
بولغانلىقتىن خەلققە قىزغىن كۆڭۈل بىلەن خىزمەت قىلىش لازىم. ئام
مىنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئورۇنداپ، خەلق ئۈچۈن چىن دىلى بىلەن
ئىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئاممىغا خىلاپلىق ئىشقا قارشى تۇر
ۇپ، ئاممىغا پايدىلىق ئىشنى قىلىش كېرەك. ئومۇمى ئەھۋال بو
يىچە ئومۇمى مەنپەئەت، شەخسى مەنپەئەت بىلەن بىر بولىدۇ، چۈنكى ھەر
بىرىمىز ئاممىنىڭ بىر ئەزاسى بولىمىز، لېكىن بەزىدە شەخسى مەنپەئەت
ئومۇمى مەنپەئەت بىلەن توقۇنۇشۇپمۇ قالىدۇ، مانا بۇ ئاممىغا خىز
مەت قىلغۇچى كىشى ئۈچۈن بىر تۈرلۈك ئەمەلى سىناقتۇر. سە
مىمى ئىنقىلابچى خادىملارنىڭ پەقەت شەخسى مەنپەئەتىنىلا كۆز
لەپ ئاممە مەنپەئىتىگە زىيان كەلتۈرمەسلىكى، بەلكى ھېچ بىر ئو
يلونۇپ تۇرماي شەخسى مەنپەئىتىنى ئاممە مەنپەئىتىگە بويسۇ
نۇش ئۈچۈن قۇربان قىلىش لازىم. مانا ئەمما بۇ كانكرىتنى
(ئۇچۇق) ئەمەلىياتلاردىن كىمنىڭ شەخسى مەنپەئەتچى ئىكەنلىكى-
نى تەكشۈرۈپ ئالالايدۇ.



خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىدا خەلققە قارىتا مەسئۇلىيەت
نى جىددى ۋە توغرىلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. شۇنىڭ
دەك ئاكتىپ خىزمەت قىلىش، كۈچىنىڭ بارىچە خاتالاشماي ياكى
خاتالاشسىمۇ بەك ئاز خاتالىشىپ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يە
تكۈزۈشتىن ساقلىنىشى لازىم. ھەر بىر ئىشنى قىلىشتا، ئۇنىڭ خە
لققە بولۇپمۇ ئاددى بىلەن ئەمگەكچىلەر ئاممىسىگە ئەمەلى پاي
دىسى تېگىش ياكى تەگمەسلىكىنى مۇلاھىزە قىلىش كېرەك.
ئۆزىنىڭ ئېلىپ بارغان ئىش يۈرۈشى ۋە ئىش ئۇسۇلىدا خاتا
لىق تۇغۇلۇپ ئاممىغا پايدىسىز بولۇپ چىققان ۋاقىتىدا، دەر
ھال سەمىمىيەتلىك بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ، ئۆز خاتالىقىنى
تۈزىتىپ ئېلىشى لازىم. ئەگەر رەھبەرلىك قىلىدىغان يۇقۇرى دەرى
جىلىك ئىدارىنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن ۋەزىپىسىدە كەمچىلىك يا
كى خاتالىق كۆرۈلسە، خەلققە قارىتا مەسئۇل بولۇش پوزىتسى
يىسىدە تۇرۇپ ئۇنى تۈزىتىش ھەققىدە يۇقۇرى دەرىجىلىك
ئىدارىگە پىكىر بېرىش كېرەك. مانا بۇ خەلققە رەھبەرلىك قىلغۇ
چى ئىدارىگە قارىتا مەسئۇلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش دېمەكتۇر.
بۇنىڭ خەلققە قارىتا مەسئۇللىقنى باھانە قىلىپ رەھبەرلىككە بوي
سۇنمايدىغان ئىنتىزامسىز ھەرىكەت بىلەن ھېچ بىر ئورتاقچىلىقى
يوق.
بىز ئاممىنىڭ ئۇلۇغ كۈچىگە ۋە ئاممىنىڭ ئۆزىنى-ئۆزى ئا
زاد قىلىشىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئاممە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا
پەقەت ئاممىغا مەھكەم تايىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئالاقىدا بول
غاندىلا ئاندىن بارلىق ئىشنى قۇدرەت بىلەن ياخشى جوڭقۇرغى
لى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلغاندا، بىرىنچى
قەدەمدە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاممىنى ئويغىتىش
لازىم. ئەگەر ئاممىنى بىردىنلا قوزغىغىلى بولمىسا، سەبرلىك بىلەن
ئىشەندۇرۇش تەربىيەلەش ۋە كۈتۈشنى بىلىش لازىم. بەزى ئالدى
راڭغۇ خادىملار سەبىرسىزلىك بىلەن ئاممىنىڭ ئۆزلىكىدىن ئويغى
نىشىنى قوزغاپ ھەددىدىن تاشقىرى ئۈستۈن ياكى ھەددىدىن
تاشقىرى (سولچىل) شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، مەجبۇرى بۇ
يرۇق بېرىش ۋە ئىشنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ۋە كالتەك ئىشلەش
ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىشنى قاتتىقلىق ۋە ۋەھشىلىك بىلەن ئېلىپ
بارىدۇ. بۇنداق ئاممە ئۈستىگە چىقىپ ئېلىپ، ئاممىنىڭ

ئېختىيارى پرىنسىپىگە خىلاپلىق قىلىش ئۇسلۇبى، ھەر دائىم
ئەمگەكچى نەتىجە ئالالمايدىغان، ئاممىدىن چەتلەشكەن بۇي-
رۇقچىلىققا ئايلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا ئاممىنىڭ سەزگۈرلىكى بو
قۇرى كۆتۈرۈلۈپ، پورسىيتى تولۇق كەلگەن بولسىمۇ، ياكى
ئاممىنى جىددى قوزغىمايدىغانلار بار. ئۇلار ئاممىنىڭ ئارقىسىدا
قالىدۇ. خىزمەتنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن كېلىپ چىقىپ ئۆز-ئۆزىدىن
ئوقۇلۇشىغا يول قويىدۇ. ئاخىرى بېرىپ
ئىشنى ئۆز ئېقىشىغا قويۇپ بېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مانا
بۇ ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ تېخىمۇ ئالغا بېسىش پرىنسىپىگە خىلاپ
لىق قىلىپ، لايغەزەللىككە ئۇچرىغان قويرۇقچىلىقتىن ئىبارەتتۇر.
ئۇنىڭدىن باشقا تورىچىلىك، مىللىتارىستلىق ۋە باشقا شۇنىڭغا
ئوخشاشلارمۇ ئاممىدىن چەتلەشكەن ئەڭ ئېپلاس ئىش ئىسلۇ
بى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنقىلابى خادىملەرنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىگە باي بولۇشى، بىر
ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئالدىدىن ئويلاپ ئېلىش لازىم، مانا شۇن
داق بولغاندا ئاندىن ئاممىنى ئويغۇتالايدۇ. ۋە ئاممىغا رەھ
بەرلىك قىلالايدۇ. ئۇبدان خادىملەردىن بولۇش ئۈچۈن ئىنقى
لابى نەزەرىيە ئۈستىدە باشقىلارنىڭ تەجرىبە ۋە ساۋاقلىرىنى ئۆ
گىنىش بولۇپمۇ ئەڭ موھىمى ئاممىدىن ئۆگىنىش كېرەك.
ئاممە باي ۋە ئەمەلى تەجرىبىگە ھەمدە ئۇلۇغ ئىجادى قۇۋۋەتي
گە ئىگە. نۇرغۇن كىشىنىڭ ئەقلى ئەلبەتتە بىر كىشىنىڭ ئەقلىدىن
ئارتۇق بولىدۇ. بىزنىڭ ئىخلاس بىلەن ئاممىدىن ئۆگىنىشىمىز،
ئاممىنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبەلىرىنى توپلاپ ئۇنى سىستېمىلىق ھالدا
تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىمگە ئايلاندۇرۇپ ئۇنى يەنە ئاممى
غا تەشۋىق قىلىشىمىز، خەلقنى ئۆزلىگىدىن ھېسلاندۇرۇپ ئاممە
ۋى ھەركەتكە رەھبەرلىك قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى
بىلەن ئاممىدىن ئۆگىنىپ ئاندىن ئاممىغا تەربىيە بېرىش ۋە ئام
مىدىن بىلىم ۋە تەجرىبە ئېلىش كېرەك، مانا شۇنداق قىلغاندا
ئاندىن خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش نەزەرىيەسى ۋە ئۇسۇللىرىنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى ئاممە ئىچىدە تەدقىق قىلغىلى بولىدۇ.



# تەشكىلى ئىدىيە

كىشىلەر ئىشلەپ چىقىرىش ئەمگىكىنى ۋە ئىنقىلابى كۈرەش
نى ئۆزى يالغۇز ئېلىپ بارالمىغانلىقتىن كىيىن كۆپچىلىك
بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدۇ، ئۇيۇشۇپ بىر گرۇپپا بولىدۇ. خىز
مەت دائىرىسى قانچە كېڭەيسە كىشى سانى شۇنچە كۆپىيىدۇ.
دۇ. تەشكىلى خىزمەتمۇ شۇنچە موھىملىشىدۇ.

بىرتوپ كىشى بىر يەرگە يىغىلىش بىلەنلا بىر تەشكىلات
بولمايدۇ. تەشكىلات بولۇش ئۈچۈن مەسىلەن: ئىشلەپ چىقى
رىشتا ياكى ئىنقىلابى خىزمەتنى ئېلىپ بېرىشتا ئالدى بىلەن
ئومومى مەقسەتنىڭ بولۇشى لازىم. ئومومى مەقسەت بولغان
دىلا، ئاندىن تەشكىلات قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، نۇرغۇن
كىشىلەر ئومومى بىر مەقسەتتە خىزمەت قىلغاندىن كىيىن ئۇلاردا
خىزمەت تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىقنىڭ بولۇشى، پۈتۈن خىزمەت
نى قىسىملەرگە ئايرىشى، رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە رەھبەرلىك قىلى
غۇچىلارنىڭ بولۇشى، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ۋە
زىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى، خىزمەتنى بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىشى،
شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرقىسىم بىلەن يەنە بىر قىسىم ئوتتۇرىسىدا،
رەھبەرلىك قىلغۇچى بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى
موناسىۋەتنىڭ ساقلىنىشى، بىر-بىرى بىلەن بىرلىشىشى ۋە ئىشنى
تەرتىپ بىلەن ئېلىپ بېرىشى لازىم بولىدۇ، مانا شۇنداق بول
غاندىلا ئاندىن ئومومى تەشكىلى قۇۋۋەتىنى بىرلەشتۈرگىلى بو
لىدۇ. يانا ئۇنىڭدىن قالسا، ھەرقانداق تەشكىلات بولمىسۇن
ئۇنىڭدا. مەلۇم تەشكىلى شەكىلنىڭ بولۇشى لازىم، تەشكىلى
شەكىل خىزمەتنىڭ مەزمۇنىنى ۋە شەرتلىرىنى بەلگىلەيدۇ. مەسى
لەن: ئورۇشنىڭ تەشكىلى شەكلى بىلەن ئۆگىنىشنىڭ تەشكى
لى شەكلى خىلىلا پەرقلىنىدۇ؛ ئالى مەكتەپنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ
تەشكىلى شەكلى بىلەن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئۆ
گىنىشىنىڭ تەشكىلى شەكىللىرىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

ئىنقىلابى ھەر كەتتە تەشكىلات بەك موھىم ئورون تۇتىدۇ.
ئىنقىلابى ئاممىنىڭ ئۆز تەشكىلا
تەشكىلات دېمەك قۇۋۋەتتۇر. ئىنقىلابى ئاممىنىڭ كۆرەشتە
تىنى تەرتىپ بىلەن بىرلىككە ئېلىپ بېرىش، ئاممىنىڭ
بىر مەقسەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى لازىم. مانا شۇنداق
بولغاندا، ئاندىن بۈيۈك كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللى ۋە سىنىپى
دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىبىيەت قازانغىلى بولىدۇ.
ئەگەر تەشكىلاتنى ماشىنىغا مىسال قىلساق، ئۇ چاغدا تەشكى
لاتتىكى شەخسلەر ماشىنىنىڭ دەستىكى، چاقى ياكى ۋىنتىسى
بولىدۇ. كىچىك بىر ۋىنتا ماشىنانىڭ بىرقىسمىدا ئىشلەنگەندە ئۇ
زىگە چوشلۇق مەلۇم رول ئوينىسا، ماشىنادىن ئايرىلىپ ئۆز
ئالدىغا يالغۇز تۇرغاندا ئۇ چىلان ئورۇقىغا ئوخشىغان بىر
تال تۆمچاق نەرسەدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇ
نىڭ ھېچ قىممىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلابى خىزمەت
دىكىلەر، خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىگە ۋە خىزمىتىنىڭ
چوڭ كىچىكلىكىگە باقماي، سەمىمىيەت بىلەن ئۆز ئورنىنى
ساقلاپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ھەقىقى ئورۇندىشى ۋە بۈيۈك ئىن
قىلابى ماشىنادا ۋىنتىلىق رولىنى ئوينىشى كېرەك. ئەگەر سىز
نىڭ خىزمىتىڭىز ياخشى بولۇپ، باشقىلار سىزنى ھۆرمەت قىلسا،
ئۇ چاغدا سىزنىڭ بۈيۈك ئىنقىلابى تەشكىلاتنىڭ بىر ئەزاسى
بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆز قۇۋۋەتىمنى جارى قىلىش بىلەن شۆھ
رەت قازاندىم - دەپ ئويلىشىڭىز لازىم. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى
ھېچ كىمگە تەڭ قىلماي، بىر كىشى ئۇيۇملەشكەن تەشكىلاتتىن
ئايرىلغان بىلەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۆز قۇۋۋەتىنى جارى
قىلالايدۇ - دەپ بىلسىڭىز خاتالاشقان بولىسىز.
ئىنقىلابنىڭ تەشكىلى شەكىللىرى گەرچە ھەر خىل بولسىمۇ
لېكىن ئۇنىڭ ئاساسى پرىنسىپى پەقەت بىرلا پرىنسىپتىن يەنى
«خەلقچىللىقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى» دىن ئىبارەت بولىدۇ.
خەلقچىللىقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دەپ نېمىگە ئېيتىلىدۇ؟
خەلقچىللىق ئاساسىدا مەركەزلەشكەن ۋە مەركەزلەشكەن رەھبەر
لىگىدە ئېلىپ بېرىلغان خەلقچىللىق - خەلقچىللىقنى مەركەزلەشتۈرۈش
تۈزۈمى دېيىلىدۇ.
بىر تەشكىلات بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق يۇقىرى



دەرىجىدە مەركەزلىنىشى لازىم. ئانداق بولمىغاندا ئۇ، تارقاق بىر
توپ كىشىنىڭ توپلىنىشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىر تە
شكىلاتتا رەھبەرلىك قىلغۇچى ئورگان ۋە رەھبەرلىك قىلغۇچى
كىشىنىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ تەشكىلاتقا قاتناشقان پۈتۈن ئەزا
لار تەرىپىدىن ئېتىبار قىلىنىشى ۋە بوي سۇنۇشى ئۈچۈن تەش
كىلاتتا مەلۇم خىزمەت ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇشى، ھەر بىر تە
شكىلاتنىڭ ئۆز ئالدىغا پۈتۈن ئەزالىرى بىرلىكتە ئېتىراپ قىلى
دىغان نىزامنامە، تەرتىپ ۋە باشقىلىرىنىڭ بولۇشى، تەشكىلاتنىڭ
ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن خىزمەت يولىنىشىنى، پىلانى تۈرلۈك
قارارلىرى بولۇشى لازىم دېمەكتۇر. بۇنداق مەركەزلىنىش ئەس
لىدە زۆرۈر بولسىمۇ لېكىن ئۇ خەلقچىللىق ئاساسىغا قۇرۇلمى
سا مەركەز لىشەلمەيدۇ. بۇ، رەھبەرلىك قىلغۇچى كىشى تەشكىلا
تىكى پۈتۈن ئەزالار تەرەپىدىن خەلقچىللىق ئۇسۇلى بىلەن سايلا
نغانلىقىدىن ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ئاۋام تەرىپىدىن بېرىلگەن
لىكىدىن ئۇ ئاممىغا ۋەكىل بولۇپ مەركەزلەشكەن رەھبەرلىك
ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ دېمەكتۇر. نىزامنامە ۋە تەرتىپلەر
ئاممە تەرىپىدىن مەلۇم خەلقچىللىق ئۇسۇلى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.
خىزمەت يۆنۈلىشى، پىلان ۋە قارارلارمۇ ئاممە تەرىپىدىن مەج
لىس ۋە مۇزاكىرە قىلىنىپ بەلگىلىنىدۇ، ياكى رەھبەرلىك قىلغۇ
چى كىشى ئالدى بىلەن ئاممىنىڭ پىكرىنى توپلاپ ئاندىن بەل
گىلەپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىزامنامە، تەرتىپ، يۆنۈلۈش،
پىلان ۋە قارارلار ئاممىنىڭ پىكرىنى مەركەزلەشتۈرگەندىلا
ئاندىن ئاممە تەرىپىدىن بىرلىكتە رىئايە قىلىنىدىغان بولىدۇ.
شۇڭلاشقا بىز بۇنداق مەركەزلىنىشنى خەلقچىللىق ئاساسىدا
بولغان مەركەزلىنىش دەيمىز.
تەشكىلاتتا خەلقچىللىق ئاساسىدا كېلىپ چىققان رەھبەر
لەر ئومۇمى بىرلىكتە رىئايە قىلىنىدىغان نىزامنامە، يۆنۈلۈش،
پىلان ۋە باشقىلار بولىدىكەن ئۇ چاغدا بۇنىڭدا روھلۇق
خەلقچىللىق ھاياتى بولىدۇر. بۇنداق خەلقچىللىق ھاياتى مەر
كەزلەشكەن رەھبەرلىكتە، ئۇچىغا چىققان خەلقچىللىق ئانارخىيە
سىگە قاراپ ئاقمايدۇ. مەسىلەن: مەجلىس ئۆتكۈزگەن چاغدا،
ھەر بىر كىشى تولۇق سۆز - سۆزلەپ، ھەرخىل پىكرنى

ئۇتتورىغا قويىسىمو، ليكن مەجلسنىڭ، رەھبەرلك قلغوچى تەرەپ
لدن مەلوم تەرتىب بويىچە چاقرىلىشى وە مەجلىسدە موزا
كىرە قلىب چقارغان نەتىجىنى ئازچىلقنىڭ كوپچىلىككە بوي
سونوش پرنسىپىگە ئاساسەن قارار قلنشى كرەك. كوپچو
لوك رەھبەرلك قلغوچىنى ئورنىدن يوتكەش وە بەلگولىنىب
كەتكەن تەرتىب پلان وە باشقىلارنى ئوزگەرتىشنى قووەت
لىسە ئونى مەلوم ئوسول بلەن مەجلىس ئارقىلق ھەل قلىشى
لازم. مانا بو برلەشكەن رەھبەرلك ئاستىدىكى خەلقچىلق
دەب ئاتايدو.

خەلقچىلق بلەن مەركەزلەشتوروش بر- برىگە ياردەملى
شىب برلىكدە بارلققا كېلىدو. يوقورى دەرىجىلك خەلقچىلق
ئاساسى بولغاندىلا يوقورى- دەرىجىدە مەركەزلەشتوروشكە
ئېرىشكىلى بولودو؛ يوقورى دەرىجىدە مەركەزلەشتوروش رەھ
بەرلىكىدە يوقورى دەرىجىلىك خەلقچىلقنى ئوستورگىلى
بولودو.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەدەبىيات قسمى

# قەلەم ئىگىلىرىمىزگە قارىتا بىر-ئىككى سوز

ئىتتىفاق ژورنالىنىڭ ئەدەبىيات قسمىدا بونىڭدىن ئىلگىركى
واقتلاردا ياش يازغوچى وە ياش شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادى ئەسەر
لىرى شونوڭدەك خەلق ئەدەبىياتى؛ خەلق قوشاقلىرى، تەمسىل،
ماقاللىرى، خەلق چوچەكلىرى وە قسمەن ئوتموشدىكى ئولوغ
يازغوچىلىرىمىزنىڭ بەزى بر ئەسەرلىرى بېسىلىب كەلگەن ئىدى.
شونوڭدەك دونيا كىلاسسىك يازغوچىلىرىنىڭ، شائىرلىرىنىڭ تەر
جىمە ھاللىرى ئەمونىلىك ئەسەرلىرىدىن پارچىلارمو بېرىلىب كەل
گەن ئىدى. ئامما بو نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەلبەتتە يېتەرلىك
دەرىجىدە خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەشنالقىنى تولوق قا
مووردى دەب ئېيتىشقا بولمايدو.

مانا شو مەسئىلە ئالدىمىزغا قويولوب تورغان بر واختىدا
بەختىمىزگە موشو ئوكتەبر ئېيى ئىچىدە مەدەنى- مائارف، مە
تبوئات وە تىل، ئىملا، ئەدەبىيات ئىشلىرى بلەن شوغوللونوب
كېلىۋاتقان يولداشلىرىمىزنىڭ ئىتتىفاق وە ئولكولوك خەلق ھو
كومىتى مەدەنى- مائارف ھەيئەتىنىڭ يولباشچىلىقىدا ئىلمى سوھ
بەت يىغىنى ئوتكوزولوب، چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بر
نەچچە ماددىدىن ئىبارەت قارار قوبول قىلىشتى. بو قوبول قىلى
نغان قارارىدا رەسمى توردە تىل، ئىملا مەسئىلىلىرىنى ئوگو
نوش ھەيئىتى تەشكىل قىلىنىب، مەزكور ھەيئەت كىلەرىكى تىل،
ئىملا مەسئىلىلىرى ئوستىدە ئولكە بويىچە كونفېرېنسىيە ئوتكو
زوشنى ئوز ئوستىگە ئالدى. شونوڭدەك تىل، ئىملا مەسئىلى
لىرىنى ئوگونوب كونفېرېنسىيەگە قەدەر بەزى بر تالاش مەسە

جمىلەرنى موزاكىرە قلش، كونفىرېنسىيەگە ماترىياللار هازىرلاش مەخسىتىدە ئايرىم ژورنال نەشىر قلش ئىشىنى ئالدىغا وەزىپە قلب قويغان ئىدى.

براق بەزى بر يېتىشمەسلىكلەر ئايرىم ژورنال چىقىرىش ئىشىغا يار بەرمىگەنلىكدىن ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە هەيئەت بو مەسئىلە ئۈستىدە كەڭ فىكر يورگوزوب هازىرچە ئىتتىپاق ژورنالىنىڭ ئەدەبىيات قسمىنى تىل، ئىملا وە ئەدەبىيات ئىشلىرىگە ئاتاپ قويدى. بو نەرسە، برىنچىگە ئىككى تەرەفلىمەلىك پايدىنى كەلتوردى. بر تەرەپدىن خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەشنالقىنى دېگىدەك قاندورالماي كېلىۋاتقان بر واختىدا بو مەسئەلەنىڭ ئوتتورغا قويولوشى ژورنالىمىزنىڭ ئەدەبىيات قسمىنى تولوق قامدايدىغانلىقىغا ئىمكانىيەت هازىرلاپ بەردى. ئىككىنچىدىن ئاموشو كونگە قەدەر تىل، ئىملا مەسئەلىلەرى ئۈستىدە كەڭ ئىلمى سوهبەتلەر مەتبوئاتىمىزدا قوزغوتولمىغان ئىدى. شونىڭدەك ياش يازغوچى وە ياش شائىرلرىمىزگە ئىلمى تەرتىبدە كورسەتمىلەر برىلمىگەن ئىدى. مانا ئەندى بو مەسئەلەلەر ئۈستىدە كەڭ فىكر يورگوزولوپ ئەدەبىيات بابىدا ئىلمى موهاكىمەلەر ئېلىپ برىش شەرائىتى هازىرلانغان بولدى. شونى هەم ئەيتىپ ئۆتوش كېرەككى، يوقوردىكى ئىشلارنى بر-ياكى ئىككى ئادەم ياكى يالغوز هەيئەت باشقوروپ كېتەلەيدىغان ئىش ئەمەس، ئويەنەجايلاردىكى ياش يازغوچى وە ياش شائىرلرىمىزنىڭ وە تىل، ئىملا، ئەدەبىيات مەسئەلىلەرى بلەن شوغوللونوپ كېلىۋاتقان يولداشلرىمىزنىڭ ترشچانلقى وە ئايىماي كوچ چقىرىشىغا باغلقدور. شونىڭ ئۈچۈن بو ئىش ئۈستىدە كەڭ كوز قاراش بلەن موندىن كېيىن ژورنالىمىزنىڭ ئەدەبىيات قسمىنى گوللوتوش خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەشنالقىنى قاندوروش وە تىل، ئىملا مەسئەلىلەرىنى ئىلمى تەرتىبلەر بويىچە هەل قلب كېتىش ئىشىدا قەلەم ئىگىلرىمىزنىڭ كوپلەپ ماترىياللار يولليشىغا، تىل، ئىملا مەسئەلىلەرى ئۈستىدە كەڭ فىكرلەر برىشىگە ئىهتىياجلقدور. بو هەر - بر قەلەم ئىگىلىرىدىن كوتىدىغان برىنچى مەسئەلىمىز. ئىككىنچىدىن ئىلگىرىدىن خەلق ئەدەبىياتلرىنى توپلاپ كېلىۋاتقان وە مەهەللىۋى شىۋىلەرنى ئۈگۈنۈپ ئونو ئۈستىدە ئانالىز يورگوزوپ كېلىۋاتقان



يولداشلرىمىزنىڭ ژورنالىمىز بلەن يقىن موناسىبەتتە بولوشىنى جېكىيمىز. چونكى بىزنىڭ هازىر ئالدىمىزغا قويواتقان برىنچى مەسئەلىمىز شو ژورنالىمىزنىڭ ئەدەبىيات قسمى ئەندى شو مەسئىلىگە ئىهتىياجلقدور.

شونىڭ ئۈچۈن هەر - بر ياش يازغوچى وە ياش شائىرلرىمىزنىڭ وە تىل، ئىملا، ئەدەبىيات مەسئەلىلەرى ئۈستىدە شوغوللونوب كېلىۋاتقان يولداشلرىمىزنىڭ شو هەقىدىكى ئىلمى ماقالىلارنى ئۆز واختىدا ژورنالىمىزغا يوللاپ تورۇشىنى ئۈمىد قلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تىل ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز سۆز

(ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى ھەققىدە ئېچىلغان يىغىندا يولداش ئەلقەم ئەختەمنىڭ بەرگەن دوكلادى)

بىزنىڭبۇگۈن تىل مەسىلىسى ئۈستىدە فىكىرلىشىش، تىللەر بىرلىككە كېلىش ۋە شۇ بار بولغان تىلىمىزنى ئىلمى يوسۇندا چىرايلىق (بەدىئى) ئەدەبىيات قائىدىسىگە تەرتىپكە سېلىپ، چىرايلىق ئەدەبىياتىمىز ئارقىلىق داھى ماۋزېدۇڭ تەلىماتى بىلەن خەلقىمىزنى توغرى تەربىيە قىلىش مەقسىتىدە ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ قىممەتلىك سانىلىدىغان بىرىنچى نۆبەتلىك ئىلمى سۆھبەت يىغىنىمىزنى ئۆتكۈزمەكتىمىز.

يەنى كەلگۈسىدىكى تىل، ئىملا قائىدىسى ۋە كوپچىلىكنى تەشكىل قىلغان جاپاكەش خەلقنىڭ ھايات مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغان چىرايلىق ئۇيغۇرئەدەبىياتىنىڭ ھۆلىنى قۇرۇش، تىلىمىزنى ۋە مەھەللىۋى شىۋىلىرىمىزنى ئىلمى ئاساسدا بىرلەشتۈرۈش زامانلاشقان ئۇيغۇر تىل، ئەدەبىياتىنى ماۋجۇدقىلىش ئۈستىدە فىكىر ئېلىشماقدامىز.

مېنىڭ بۇ سۆزۈمدىن ئۇيغۇر تىل، ئىملاسى ۋە چىرايلىق ئەدەبىياتى تېخى تولۇق قائىدىلەشمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايلىق ئەدەبىياتى تېخى ھېچ قانداق جايدا بارلىققا كەلمىدى. - دېگەن ئۇقۇم ئاڭلانمايدۇ، ئۇنداق مەنا كېلىپ چىقمايدۇ، بەلكى قائىدىلەشكەن ۋە ئىلمى تەرتىپكە سېلىنغان زامانلاشقان ئۇيغۇر تىل، ئىملاسى ۋە ئەدەبىياتى (بۇ پەردە سۆز يېڭى ئىملاغا كۆچكەن. سوتسىيالىستىك تىل، ئەدەبىيات ياراتقان سوۋيت ئۇيغۇرلىرى كۆز ئالدىدا تۇتۇلۇدۇر.)



ئۈستىدە فىكىرلشىش بارلىققا كەلگەن. يېڭى ئىملانى ئەرەب ئىملاسىغا لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر تىل، ئەدەبىياتىدىن ئۆلگە ئېلىش شۇنىڭدەك چىرايلىق ئۇيغۇر تىلىغا، چىرايلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئورۇنسىز ئارىلىشىپ ئالغان ھاجەتسىز ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئىشلەتمەسلىك، ئەدەبى تىلىمىزدا ئۈزلۈشۈپ كەتكەن چەت تىللەرنى ھەممە جايدائۇخشاش قوللۇنۇش، ئوخشاش يېزىش ۋە كېيىنكى يىللار ئىچىدە خەلقىمىزنىڭ بېشىنى قايدۇرغان چىرايلىق ئۇيغۇر تىلى ۋە چىرايلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى قوپاللاشتۇرغان، بۇزغان ئوسمانلى تۈرك تىلىنى سىقىپ چىقىرىش ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ تەلىماتىغا زىت بولغان تار مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلغان بۇرژۇئازىيە ئېقىمىدىكى پان تۈركىستلارنىڭ زەھەرلىك ئەدەبىياتىغا قارشى چېلىشىش شۇنىڭ بىلەن بىللە ساپ ئۇيغۇرتىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا شەكلى مىللى مەزمۇنى يېڭى دېموكراتىزمغا ئاساسلانغان چىرايلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش دېگەندىنلا ئىبارەتتۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا؛ خەلق ئاممىسىنىڭ باي تىلىنى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىلمى قائىدە، ئىلمى تەرتىپ بويىچە ساپ ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئۆستۈرۈش، رىۋاجلاندۇرۇش شۇنىڭ بىلەن شۇ تىل ئەدەبىياتنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە سېلىش دېمەكتۇر.

مەلۇمكى، ئادەملەر ياشاش ۋە كۈن كۆچۈرۈش ئۈچۈن بىر-بىرلىرى بىلەن باغلىنىش ياسايدۇ. بىرلىشىپ، توپلۇشۇپ ئەمگەك قىلىدۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىرلەشكەن ھالدا چېلىشىپ بارىدۇ. ئەنە شۇ بىرلىشىپ ۋە جەمئىيەت قۇرۇش ئىشىدە ئەلاقە قىلىش ئىشىدا تەبىئى ئاساسى رولنى تىل ئوينايدۇ. گەرچە ئادەملەر تىل ئارقىلىق ئۆي، مەقسەتلىرىنى، تىلەك، ئارزۇلىرىنى ئەلاقە قىلىش ئىشلىرىنى بىر-بىرلىرىگە تىل ئارقىلىق ئوختۇرمىغاندا، ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت قۇرۇش ۋە جەمئىيەت ياشىشى ئەلبەتتە مۇشكۇل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلنىڭ جەمئىيەتتە ۋە مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىدە ئاھايىتى چوڭ رول

ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە پوتون دونيا ئەمگەكچىلىرىنىڭ، ئولوغ داھىيسى ۋىلادىمىر ئىلىيىچ لېنىن: «تىل كىشىلەرنىڭ موناسىبەت قىلىش ئىشلىرىدە ئەڭ موھىم قورالدور.» - دەب تەرىپلىدى.

دېمەك، بوگونكى كونديكى بىزنىڭ ئولوغ ۋەزىپەمىز خەلقىمىزنى داھىيمىز ماۋزېدوڭ تەلىماتى بىلەن توغرى تەربىيە قىلىش يېڭى دېموكراتىزملىق يېڭى جوڭگو ۋە يېڭى شىنجاڭ قوروش خەلقىمىزنىڭ مىللى مەدەنىيەت مىللى ئەدەبىياتىنى تەرەققى قىلدوروش، ئوستوروشدور. ئەنە شو ئولوغ ۋەزىفىلەرنى ئادا قىلىش ئوچون ئەلبەتتە ئىشنى باشلاش كېرەك بولودو، يەنى ھەممە ساھەدىكى ئىشلىرىمىزنى زامانغا موۋافىق تەرەققى قىلدوروش ئوچون شو زامانغا جاۋاب بېرەلىگودەك دەرىجىدىكى تىل ئەدەبىياتىمىزنى ۋوجودقا چىقىرىش ئەلبەتتە زەروردور.

لېكىن ئولكە خەلقى جوملىدىن ئويغور خەلقى ئوز بېشىدىن ئەڭ ئېغىر فاجىئەلىك كونلەرنى ئوتكوزدى. ئولكە خەلقىنىڭ جوملىدىن ئويغور خەلقىنىڭ شو ئىش شارائىتلەر ئىچىدە تىل، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەتى گوللونوشىنىڭ ئورنىغا كول بولوشقا يوز توتتى. بو ھال ئەلبەتتە تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋاقىئەدور. ئەگەردە دەور شارائىت يار بەرگەندە تەبىئى ئولكە خەلقى جوملىدىن ئويغور خەلقى تىل، ئەدەبىيات، سەنئەت، ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىن شوبھەسىز باشقا مىللەت خەلقلىرىدەك تەرەققى قىلغان بولار ئىدى.

ئەمدى دەور بىزگە كەڭ قوچاق ئاچتى. ئولوغ كاممونىستلار پارتىيەسى ۋە شەخسەن داھى ماۋزېدوڭ ئولكە خەلقىگە بەخت ئىشىگىنى كەڭ ئېچىب بەردى. ئەلبەتتە ھەر بىر كىشى بو ئولوغ دەورنىڭ قەدرى قىممەتىگە چوڭقور چوشونىشى كېرەك. ۋە ھازىرقى دەورنىڭ تەرەققىياتىغا، ئېھتىياجىغا ئەمدى ئىلمى جاۋاب بېرىشى كېرەك. بو بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى دەور ئىقىمىنىڭ تەلەب ئېھتىياجىدور.

ئەگەردە بىز بوگونكى كوندىكى مەتبوئاتىمىزدىكى تىل، ئىملا ۋە ئەدەبىياتىمىزدىكى يېتىشمەسلىكلەرنى تولوقلىمىساق قالايمىقانچىلىقلارنى ئىلمى يوسوندا بىر تەرتىپكە سالمايدىغان بولساق ھەممە ساھەدىكى ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققى قىلىشىغا،



ئوسوشىگە رىۋاج تېپىشىغا توسقون بولودو. بىز يوقورىدا ئەيتىب ئوتكەن ئولوغ ۋەزىپىلەرنى ئورونداشتا ئەلبەتتە چارىسىز، ئامالسىز قالغان بولوموز.

بىز ھەر بىر سوزىمىزدە تەشۋىقاتىمىزدا داھى ماۋزېدوڭ تەلىماتى بىلەن خەلقىمىزنى توغرى تەربىيە قىلىمىز، مەفكورە توقوروموز - دەب ئەيتىمىز. لېكىن شو ئولوغ ۋەزىپىلەرنى نېمە بىلەن ئورونداىمىز، قانداق ئامماللار بىلەن شو ئولوغ ئىشلەرنى باشقوروموز بونىڭغا قانداق ئوسول چارىلار كىرەك. مانا بو مەسئىلىلەر ئوستىدە باش قاتتوروش كىرەك. تېخى بەزى ئىلمى نەزەرىيەۋى بىلىملىرىدىن ئارقىدا قالغان مەسئىلىنىڭ شەكلىنى مەككەم توتوب ئېلىب، مەزمونىدىن مەھروم بولوب قالغان يولداشلارىمىز «ھازىر تىل، ئىملا ۋە ئەدەبىيات ئىشى بىلەن باش قاتتوروشنىڭ ھاجىتى يوق، بو مەفكورە توزوتوش ۋاقتى» - دەب تىل، ئەدەبىيات ئىشلىرى بىلەن شوغوللانغوچى كىشىلىرىمىزنىڭ ئالدىغا چەك قويماقچى بولوشىدو، شو مەفكورە توزوتوشنىڭ ئالدىنقى شەرتى نېمە، خەلقىمىزنىڭ سىنفى ئاڭىنى سىز نېمە ئارقىلىق ئويغوتىسىز، يېڭى جەمئىيەتنى نېمىنىڭ ۋاستەسى بىلەن قوروسىز؟ دەب سوئال قويسا مەن ئويلايمەن ئو يولداشلارىمىز ئىلمى جاۋاب بېرەلمەيدو، مونداق تار رامكا ئىچىدە ھەركەت قىلغوچى يولداشلىرىمىز ئوزى چوڭقورراق ئوگەنمەيدىغان بولسا، ئو ۋاقىتتا ماڭىدىغان يولىنى تاپالماي قىلىشى كورونوپلا تورغان گەپدور.

توغرى بىزنىڭ تىل، ئەدەبىياتىمىز بار. ھازىرچە ئونىڭ بىلەن باش قاتتوروب ئولتوروشنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق شو بار بولغان تىلىمىز تولوق دەرىجىدە ئىلمى تەرتىپكە سېلىنغىنى يوق. مەھەللى شىۋىلىرىمىز، ئەدەبى ئاتالغولىرىمىز ئىلمى تەرتىپكە، ئىلمى قائىدىگە ئاساسلىغىنى ۋە ئوموموي توردە بىرلەشكىنى يوق. شونىڭ ئوچون بەزى گېزىت، ژورناللاردا «بولدى» دەب يېزىلسا، بەزى گېزىتلەردە «ئولدى» دەب يېزىلىدو. شونىڭدەك شېئىر ئەسەرلەردە بەزى جايلاردا «بىزگە ئاھار بولدى» دەب توقولسا، بەزى جايلاردا «بىزگە ئاھار ئولدى» دەب توقولودو. بىز قوللونوۋاتقان ئەرەب

بوزۇقىنىڭ بەلگولوك شەرتلەرى، ئابرىمىلقلارى تىخى رەسمى توردە ئىلان قىلىنىمىغانلىقىدىن تورت خىل «ئۇ» نىڭ قايداق جايلاردا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى خەلقىمىز توپ بىلەتتىرى بىلەن ئوخشايدو، ئەتىچىدە «بولدى» دىگەن سوزنى «ئۇلدى»، ئولوپ قاپتو» دەپ توشونىدو. شونداق ئەھواللار يوز بەرمەي قالمايدو، بو كىچىك خاتالىقمو؟ شونىڭدەك بۇ تەشويق - تەرغىب ئىشلەرىدە خەلقنى توغرى تەربىيە قلىمىز، خەلقنىڭ سىياسى ئاڭىنى يوقورى كوتورومىز، يىڭى جەمئىيەت قورومىز، - دەپ بەزىدە مەتبوئات يوزىدە خەلققە توشونوكسىز يات بولغان، ھاجەتسىز ئەرەپ، پارىس تىللىرىنى قوللونومىز. خەلقىمىز ئۇ سوزلەرنى، ئۇ گەپلەرنى تولوق توشونمەيدو، ئۇنىڭدىن دىيەرلك پايدا مەنپەئەت ئالالمايدو. ئەنە شونداق جايلاردا ئاممەوى خەلق توشونىدىغان، ئوقويدىغان، بىلىدىغان سوزلەرنى قوللانسىساق تەربىيە ئىشى ياخشى يولغا قويۇلغان بولماسمىدى؟

يەنە بىزنىڭ بەزى يازغوچىلىرىمىز، شائىرلىرىمىز ئوز ئەسەرلەرىنى چىرايلىق وە مەزمونلوق قلىش نىيەتىدە يانچوق دەپتەرلەرىگە ئەرەپ، پارىس سوزلىرىنى قاتار تىزىپ ئىلىپ قافىيە ئوچون ئىشلىتىدو. لىكىن شو يارىتىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئوقومىدىن خەلقىمىز چەتتە قالىدو.

ناتىقلىرىمىز بولسا، كوب واقىتتا ھەر بىر سوزنىڭ ئارىلقىغا بىرە - يىرىم ئەرەپ ياكى پارىس سوزلىرىنى قىستورمىغىچە كوڭلى ئونومايدو. شو قاتاردا بىرەر موھىم ماقالە ياكى خەوەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئىشىدا تەرجىمانلىرىمىزمو ئۇ ئىشتىن قوروق قالمايدو.

مەن بو يەردە ئەرەپ، پارىس سوزلىرىنى تامام قوللانمايمىز، ئونىڭ ئورنىغا ئۇيغورچە سوز تىپىپ كىرگوزىمىز، - دەپ مەسئوت، ئەيسا بەگ، بوغرا، قودايلارغا ئوخشاش ئارخائىزىمغا - كونىلقا بىرىلىش ياكى ئوسمانلى توروكلەرنىڭ تىللىرىنى - ئاتالغولىرىنى ئىمپورت قىلماقچى ئەمەسمەن. بەلكى ئەدەبى تىلىمىزغا ئوزلوشوپ كەتكەن، كەڭ خەلق ئاممىسىغا چوشونوشلوك بولغان وە ئوزىمىزنىڭ تىلى قاتارىدا قوللونولواتقان سوزلەرنى ھەر جايدا، ھەممە ئورونىدا ئوخشاش قوللونوش، ئوخشاش يىزىش ئەمما ئوزىمىزدە بار بولغان سوزلەرنىڭ



ئورنىغا ئەرەپ، پارىس تىللىرىنى قوللونوشنىڭ زادى كىرىكى يوق دىمەكچىمەن. ئالايلى ھازىرقى كونگىچىلىك بىزنىڭ مەتبوئاتىمىزدە ئورونسىز، ھاجەتسىز قوللونوپ كىليواتقان:

«خارجى» - (تاشقى) «داخىلى» - (ئىچكى) «ئىپتىدائى» - (باشلانغوچ) «زاھىرى» - (ئوچوق) «تاكامىللەشتى» - (تولوقلاندى) «تەئەللوق» - (قاراشلىق ياكى ئىگىشلىك) «تەقىب» - (ئارقىغا سىلىش) «تەتبىق» - (توغرىلاش) «مۇئەييەن» - (بەلگولوك) «ئىنتىقام» - (ئەدىتى، ئوچىنى ئىلىش) «ئىستىقبال» - (ئالدى كەلگوسى) «بوھتان» - (يالا) «بويناد» - (ئىگىزى) «مويەسسەر» - (ئوڭايلانغان) «نائىل بولدى» - (ئىگە بولدى) «موكەممەل» - (تولوق) «زىكرى قىلدى» - (ئەيتىپ ئوتولدى) «مەھسوس» - (ئىچىنىش) «ئىمتىھان» - (سىناش) «غالىب» - (ئوستونلوك) «موساوات» - (تەڭلىك، بەرابەرلىك) «ئىمزا» - (يىزىش، پوتوش) «بىدار» - (ئوخاق) «مەخفى» - (يوشورون)

سوزلىرى ئەلبەتتە خەلقىمىزگە چوشونوكسىز بولسا كىرەك. بولا ئەمەس يەنە شونىڭغا ئوخشاش كىرەكسىز بولغان سوزلەر بىزنىڭ مەتبوئاتىمىزدە خىلىلا كوب ئوچرايدو. بو ئورونسىز سوزلەرنىڭ ئويغور تىل، ئەدەبىياتىغا نىمە لازىملىغى بار.

توغرى تلىمىزنىڭ يتشمەسلىك جايلىرىغا چىرايلىق ئەدەبىياتىمىزغا لازىملىق بولغان چەت تىللەرنى كىرگوزوپ، قوبول قىلىپ ئىلىپ تلىمىزنى بايىتىشى، تەرەققى قىلدوروش ئوستوروش، ئىشى ئەلبەتتە پائىدىلىق. دونيادىكى ھىچ بىر مىللەت خەلقى چەت مىللەت خەلقلىرىنىڭ تىل، ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىسىز تەرەققى قىلغىنى، ئوسكىنى، رىۋاج تاپقىنى يوق. بىراق ئوزىمىزدە كەڭ خەلق ئاممىسىغا چوشونوشلوك بولغان تلىمىز توروقلوق خەلققە يات، چوشونوكسىز بولغان ئەرەپ، پارىس تىللىرىنى زورلوق بىلەن كىرگوزوش ئىشى ئەرەپ، پارىس ئىزمغا بىرىلىشتىن باشقا ھىچ نەرسە ئەمەس.

ھەممەمىزگە چوشونوشلوككى، پارىس، ئەرەپ تىل، ئەدەبىياتى 10 - 15 ئەسىردىكى فىئودالىق مەدەنىيەتىنىڭ مەھسولاتى، ھازىر بولسا، 20- ئەسىر دەور تەرەققىياتى ئالغا باستى، رىۋاجلاندى. ئەمدى ھازىرقى بىزنىڭ دەورىمىزگە موتەئەسسىپلەشكەن قالاق پارىس، ئەرەپ تىل، ئەدەبىياتى جاۋاب بىرەلمايدو.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىلدو. بو يەردە گەپ شو سوزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئاساس
قلب، توغرى ئەدەبى قائىدە بلەن يېزىشقا دور. بز هېچ واقتىدا
«بر» نى «بى» ياكى «برر» - دەپ يازمايمز ئونى ئوموملاش
قان ئەدەبى تل قائىدىسىگە سىلش ئوچون هەركەت قليمز.
شونوڭدەك بز تىل بايلغىمزنى توپلاشدا، مەيدانغا چقرىـ
لدا يالغوز شنجاڭدىكى ئويغورلارنىڭ تىل وە مەهەللەوى شىوە
لىرى بلەن قانائەت قلب تورالمايمز، گەنسو، چىگخەى ئولكو
لىرىلە يەنە بر مونچە سانىنى تەشكىل قليدىغان ئويغور خەلقى
ياشايدو، ئو، ئويغورلارنى ئالىملار «سېرىق ئويغورلار»-
دەپ ئاتاپ كەلمەكدە. بو ئويغورلارنىڭ تىل، ئەدەبىيات يېقو
لىن بز ئوچون خېلى چوڭ ئەهمىيەتكە ئىگە. چونكى ئو،
ئويغورلار ئىسلام دىنىگە ئېتىقاد قلمىغانلقدىن، ئولارنىڭ تىللىرى
لە ئەرەب، پارىس ئاتالغولرى يوق ساف هالدا ئوزلرىنىڭ
تيللرىنى ئىشلىتىپ كەلمەكدە. بىزنىڭ تىل، ئەدەبىياتيمزدا يەنى
تل بايلغيمزنى ئوتتورغا قويوشتا ئەلبەتتە ئولاردىن پايدى
لنيشمز كېرەك.

دېمەك، بز ئويغور تىل، ئەدەبىياتىنى ئىلمى تەرتىب، قا
ئىدىلەر بويىچە زامانغا مووافق مەيدانغا چقرش ئوچون
ئەنە شو جايلاردىكى ئويغورلارنىڭ تىللرىنى، مەهەللىوى شى
ويلرىنى وە ئومومى خەلق ئىجادىيەتلرىنى چوڭقور ئوگو
نوب ئوتتوريغا تاشليغان واختيمزدا ئاندىن كيين بز تايمز
نى ماسسەوى تلغا ئايلاندورالايمز. هەمدەزامانلاشقان چيرايلق
ئويغور ئەدەبىياتىنى بارلققا كەلتورەلەيمز. شونوڭ بلەن خەلقمزگە
هەممە جايدا، هەممە ساهەدە كەڭ مەنپەئەت بيردلەيمز وە
توغرى تەربىيە قيلالايمز. ليكن بو يەردە يوقورىدىكى ئىشلەر
نى بر ياكى ئىككى ئايدىلا تولوق هەل قيلىپ كېتەيمز دېگەنىم
يوق. بو ئەلبەتتە بر - ئىككى ئايدىلا هەل بولوديغان ماسى
ئەلە ئەمەس، بەلكى بونىڭغا بر نەچچە ئاي هەتتا يىل كېتىش
مومكن. وە بو مەسئەلە يەتەكچى ئورونلارنىڭ يولباشچىلىقىدا
مەلوم مقداردا سوممالارنىڭ خراجەت قلنشى ئارقىسىدا ئاندىن كې
يىن ووجودقا چقيدو.

شونوڭدەك تىل، ئىملا وە ئەدەبىيات ئىشلىرى بلەن شو
غوللونوپ كېلىۋاتقان يولداشلاريەمزنىڭ ئكوچ چقريشى هەممە
مەتبوئات يوزيدە كەڭ موزاكىرە باشلنشىنى تەلەپ قيليدو.



شـونوڭ ئوچون بزگە هازرقى دەورگە جاواب بېرەلەيدىـ
غان زامانلاشقان مەملىكەت خەلقىنىڭ وە سوتسىيالىستك توزومىـ
نى مەيدانغا كەلتورگەن ئولوغ روس وە باشقا ئوتتورا ئازىيادىكى
قېرىنداش خەلقلەرنىڭ تىل، ئەدەبىياتى وە مەدەنىيەتى كېرەك.
بز يوقوردا ئويغور بەدىئى تلىنىڭ ساقلغىنى ساقلايمز،
ئلىمزنى، مەهەللەوى شيويلريمزنى ئىلمى تەرتىب ئاساسيدا يول
غا قويوب، ئونى ئامماويلەشتورومز - دەب ئوتدوق. ئەنە شو
بزنىڭ ئامماويلەشتوريدىغان تىل بايلغيمزنىڭ قايىنيمى خەلقدور.
بزدە چرايلق ئويغور تلىدا يارىتلغان مىڭلاب قوشاق،
مىڭلاب تەمسيل ماقاللار وە مىڭلاب چوچەكلەر بار. شونىڭدەك
ئاجايىب مەزمونلارنى ئوز ئىچىگە ئالغان داستانلار مونداز ئەمەس.
ئەنە شولارنى خەلق ئوز تىلى بلەن ئوقيدى، ئوز تيلى بلەن قور
دى وە ئوز تيلى بلەن ياراتتى. بز تليمزنى بىرلىككە كەلتو
روشتە، ئىلمى قائىدىگە سيلشتا، ئەلبەتتە ئو، خەلق ئىجادىيەت
لرينى چوڭقور ئوگونوب، تەرتيپلك يوسوندا توپلاب، مەت
بوئاتلريمزدا ئىلان قليشمز كېرەك. ئونى كەڭ خەلق ئام
مىسىگە ئوخشاش تارقيتشيمز، يېتيشيمز لازم. وە شو بارلققا
كەلگەن خەلق ئەدەبىياتيدىكى سوزلەرنى، چوشەنچىلەرنى، ئا
تالغولارنى ئەدەبى قائىدىگە سيلش ئوستيدە چوڭقور ئىشليشيـ
مز كېرەك.

هەممەمزگە مەلومكى، بزنىڭ خەلقيمز جايلارغا تارقاق هال
دا ئورونلاشقان. گەرچە كورونوشتە خەلقيمزنىڭ بر - برلرى
بلەن بولىدىغان ئالاقە، موناسىبەتلرى مەھكەم بولسىمو، لي
كن تىل يقيدىكى باغلينشلرى تيخى يەترلك دەرىجىدە ئەمەس
لىگى ئىنقدور. شونوڭ ئوچون قەشقەر ئويغورلرى بلەن ئىلى
ئويغورلرينىڭ سوزلريدىكى ئاهاڭ پەرقلرى خوتەن، لوپ ئوي
غورلرى بلەن تورپان، قومول ئويغورلرينىڭ تيللريدىكى بەزى
بر ئوخشيماسلقلرى كوزگە چيليقيدو.

مەسىلەن: قەشقەردە «بوشوكنى تەووەت» - دېسە، ئىلى
ئويغورلرى «بوشوكنى تەوەت» - دەيدو. خوتەندە «بى» -
دېسە، تورپان، قومول ئويغورلرى «برر» - دەيدو. ليكن بو
ئاساسى مەسئيلە ئەمەس، هەممە جايدا ئىشلتلغان سوزلەرنىڭ توپ
توپلوك مەنا برىش ياقلرى ئوخشـاش، بىرخىل چوشەنچىنى

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



وە ھەربىر مەسئەلە ئۈستىدە كەڭ فىكىر ئېلىشىش، كەڭ- كەڭ
ماقالە وە ئىلمىي كېڭەش بىرىش ئىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ
ھەقتىكى بارلىق ماترىيالىلارنى، ئىلمىي ئاكورسەتمىلەرنى، ئىش-
لەشنىڭ ئۇسۇل چارىلىرىنى، ئىلمىي سوھبەت يىغىن ئۆتكۈ
زۇشنىڭ قائىدە- تەرتىپلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. بولا ئەمەس،
تىل، ئىملا، ئەدەبىيات مەسئىلىلىرىنى ئۇزۇل- كېسىل ھەل
قىلىش بابىدا تىل ئالىملىرىغا تىل شۇناسلىرىغىمۇ ئېھتىياجلىق
بولىدۇ. بۇ مەسئەلىلەرنى باشقۇرۇش، يولغا سېلىش وە
مەسئىلىنى ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەلبەتتە تېگىشلىك يېتەكچى
ئورگانلار ھەرىكەت قىلماي مۇمكىن ئەمەس. ئەنە شۇ ئىشقا
چوڭ ئەھمىيەت بىرىپ، مەتبۇئاتىمىزدىكى، تىلىمىزدىكى، ئىملا-
يىمىزدىكى چوڭ- چاقلارنى تۈگەتكەن ۋاقىتتىلا ئاندىن كېيىن
بىز كۆتكەن مەقسەتلەرنى غالىبىيەتلىك تاماملالايمىز. ئەگەر بۇ
ئىشقا ئەھمىيەت بىرىلمەي ئۆز يولىدا قالىۋېرىدىغان بولسا،
ئۇ ۋاقىتتا بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ۋەزىپى-
لەرنى ئادا قىلىشتا ئورۇنداشتا چارىسىز قالغان بولىمىز. بۇ
ئەلبەتتە بۈگۈنكى يىغىنىمىزدا چوڭقۇر ئويلاپ خۇلاسە چىقى-
رىشقا ئەرزىيدىغان چوڭ مەسئەلىدۇر.

چۈنكى، بىز يېڭى پارلاق دەۋرىگە قەدەم باسقىلى بىرىيىل
مىقدارى بولدى. يېڭى دەۋرىنى، يېڭى ئۇسۇل چارىلار بىلەن
ئېلىپ ماڭمايدىغان بولساق ئۇ ۋاقىتتا يەنە زامانغا ئىلمىي
جاۋاب قىلالمىغان بولىمىز.

ئومۇمەن: مېنىڭ چوڭ- چاق ھالدا تەييارلىقسىز سىزلەرنىڭ
ئالدىڭىزلارغا تىل توغرىسىدا قويىدىغان مەسئەلەم شۇنىڭدىن
ئىبارەت.

ئەمدى ئىملا ھەققىدىكى دوكلادنى ئاڭلاپ ھەر بىرىڭىز-
لەرنىڭ بۇ مەسئىلىلەرنى چوڭقۇرراق موزاكىرە قىلىپ كۆرۈ
شۈڭلارنى ئۆتۈنىمەن.

شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ سۆزۈم تامام.

ملەتنى-- مۇئارىف وە مەتبۇئات ساھەسىدىكى خادىملەرنىڭ
بىرىنچى نۆبەتلىك تىل- ئىملا ھەققىدىكى سوھبەت يىغىنىدا

# قوبۇل قىلىنغان قارار

بىز بۈگۈن ئۆلكىمىزنىڭ ھەر بىر ۋىلايەتلىرىدىن شەھەرىمىزگە
توپلانغان مەدەنىي - مۇئارىف، مەتبۇئات، تىل- ئىملا، ئەدەبىيات
مەسئىلىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتقان ئىلمىي خادىملىرىمىز بىلەن
بىرلىكتە جوڭخوا خەلق جەمھورىيەتى ھوكومىتىنىڭ جۇڭگو خەلىق
سىياسى كېڭەش مەجلىسى ئۇمۇمىي پروگراممىسىنىڭ مىللىي سىياسەت بابى-
دىكى «ئاز چىلقنى تەشكىل قىلغان بارلىق مىللەتلەر ئۆز تىل وە ئۆز يېزىق-
لىرىنى رىۋاجلاندۇرۇش، ئورف - ئادەتلىرىنى دىنىي ئېتىقاد-
لىرىنى ساقلاش ياكى ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، خەلق
ھوكومىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ئاممىسىغا ياردەم-
لىشىپ ئۇلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىي- مۇئارىف، قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرىنى رىۋاجلاندۇرىدۇ» - دىگەن ماددەسىگە ئاساسەن
ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئىملاسى وە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەسئى-
لىلىرى ئۈستىدە فىكىر ئېلىشىش، تىلدا بىر يەرگە كېلىش
وە شۇ بار بولغان تىلىمىزنى چىرايلىق ئەدەبىيات قائىدىسىگە
تەرتىپىگە موۋاپىقلاشتۇرۇپ، چىرايلىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ واستىسى
بىلەن پارتىيە سىياستىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، داھىي ماۋزېدۇڭ
مەفكورىسى بىلەن خەلقنى توغرى تەربىيە قىلىش، مىللىي ئەدەبىيات وە مىل-
لىي مەدەنىي مۇئارىفىمىزنى ئۆستۈرۈش- ئالغا باستۇرۇش مەقسىدىدە
ئۆز ئارا فىكىر ئېلىش ئىشىدىكى بىرىنچى نۆبەتلىك سوھبى-
تىمىزنى ئۆتكەزدۇق. يەنى كەلگۈسىدىكى تىل، ئىملا قائىدى-
سى وە چىرايلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى - ھولىنى
قۇرۇش تىلىمىزنى؛ مەھەللە شىۋىلىرىمىزنى ئىلمىي تەرتىپكە
سالغان ھالدا، كەڭ خەلق تىلىغا ئايلاندۇرۇش وە مەتبۇ-
ئاتىمىزنى ئاستا- ئاستا خەلق تىلىغا كۆچۈرۈش بۇنىڭ بىلەن
بىللە، تىلىمىزغا وە چىرايلىق ئەدەبىياتىمىزغا ئورۇنسىز ئارىلىشىپ

ئالغان ئەرەپ پارس تيللريدين قوتولوش ئۇزلەشكەن چەت تيللارنى ھەممە جايلارديكى مەتبوئاتلاردا ئوخشاش قوللونوش، ئوخشاش ييزش ميللەتچيليك پان توركيستليكنى تەشويق قيليش مەقسيتيدە ئوسمانلى توروك تيلينىڭ ئۇيغور ئەدەبى تيلى ئيچيگە كريشيگە يول قويماسليق بولويمو، ئۇيغورئەدەبى تيلينىڭ ساپليغينى ساقلاش ئۇنى (تيلنى) ساددە خەلق تيليغا ئايلاندوروش مەسئيليلرى ئۇستيدە ئيلمى سوھبەت يورگوزدوق .

موزاكيرەمز داواميدا تيل، ئيملامەسئيليلرى ئۇستيدە قيلينغان دوكلاتلاردين، ييريلگەن فيكرلەردين تيل وە ئيملا ييمز ئۇستيدە يوز بيريواتقان قيينچيلقلارنيڭ قانچيليك دەرجيدە كوب ئيكەنليگى كورولدى .

ليكين تيل، ئيملا وە بەلگولوك ھەرپ مەسئيليلرى ئۇستيديكى بيرلگەن فيكر- تەلەبلەر وە تاللاش- تارتيشلارنى كەڭ مولاھيزە قيليب كورگينيمزدە بو قيينچيلقلارنى بوگونكى ئەمەلى ئاھواليمزدا برديئلا ھەل قيليب كيتيش ئيمكانييەتينىڭ يوقليغيني ھيس قلدوق.

شوئنداق بولسيمو، بو گونكى كونديكى ئەڭ زەرور بولوب تورغان تشويق — تەرغيب ئيشلرى، مەتبوئاتچيليق وە مەدەنى - موئاريف ئشلىريمزنيڭ تەرتيبكە سيلنغان، ئيلمى ئاساسدا قائيدەلەشكەن ئۇيغور تيلى وە ئۇيغور ئيملاسيغا بولغانزور ئيھتياجيني كوز ئالديمزدا توتوب بومەسئيليلەرنى ھەل قيليش ئۇچون ئولكيمز بوييچە تيل، ئيملا كونفيرينسييەسى ئيچيشنى زەرور، — دەب ھيسابليدوق . وە بو كونفيرينسييەگە قەدەر ھازيرليق كوروش ئۇستيدە توبەنديكى قارارنى قوبول قيلدوق :

1 — ئولكە بوييچە ئۇيغور تيلى، ئۇيغور ئيملاسينى برليككە كەلتوروش مەقسيتيدە ئيتتيفاق باش ئيجرائييە ھەيئيتى يينيدا ئۇيغور تيلى ئۇيغور ئيملاسى مەسئيليلرينى ئوگونوش وە كونفيرينسييەگە ھازيرليق قيليش ھەيئيتى تەشكيل قيليش تەكليف قيلنسون وە بوھەيئەتنىڭ تەركيبيگە ئەلقەم ئەختەم (باشليق) ئابدوريھيم ئەيسا، ئابدولقادير زوننون،



نيزاميدين، ئابليز شەريفى، زوننون قاديرى وە موھەممەد زەييدينلەر تەكليف قيلنسون .

2—تيل—ئيملا مەسئيليسى ئۇستيديكى تالاش— تارتيشلارنى ھەل قيلش مەقسيتيدە مەتبوئات يوزيدە كەڭ موزاكيرە ئيشيني ئيلب بيريش ئۇچون مەزكور ھەيئەتنىڭ باشقوريشيدا ئايرم ژورنال نەشرقيلنسون.

3— فرينسيپدا ئۇيغور تيليغا ھاجەتسيز ئاريليشب ئالغان خەلققە چوشونوكسيز وە ئيھتيياجسز بولغان چەت سوزلەرنى (بولوبمو ئەرەب وە پاريس ئاتالغوليريني) قالدوروب ئولارنىڭ ئورنيغا ئوزيمزدە بار بولغان خەلق تيليني ئيمكانييەتنىڭ باريچە ئشليتيش قوبول قيلنسون. بوئيشنىڭ ئيلمى چاريلريني ئيشلەب چيقيش ئيشى ھەيئەتكە تاپشورولسون.

تيل ئيملا كونفيرينسييەسيگە قەدەر ئۇيغور ئەدەبى تيلينىڭتوپ مەتاليريني بوزماسليق شەرتى ئاستيدا ييڭى ئيملا قائيدەسى (ئەرەپ) ييزيغيديكى (ييڭى ئيملا) قوللونولسون. وە ئەدەبيياتيمزدا ئشلينب كيليواتقان ئەرەب ھەريفلرى ئيچيديكى آ. ث. ص. ض. ط. ظ. ح. ع. ذ، ھەريفلرى قالدورولسون.

5— ھەيئەتنىڭ ئوز ئالديغا نەشير قيليديغان ژورناللرينىڭ راسخوتليرى وە باشقا تەميناتلرى ئۇچون ئايريم سومما ئاجرتيلسون وە بو ئيقتيسادى مەسئيلەر ئيتتيفاقا تەكليف قيلنسون.

6— مەزكور ھەيئەتكە ئولكە دائيريسيديكى مەدەنى — موئاريف، مەتبوئات وە ئەخبارات ( راديئو ) ئورونلرى بلەن تيل، ئيملا ھەققيدە بى واستە ئالاقە قيلش ھوقوقى بيريلسون. ھەيئەتنىڭ ئوز ئيشيني ئيلب بيريشدا ئيتتيفاق وە مەدەنى موئاريف ھەيئەتينىڭ يقيندين ياردەمدە بولوشى تەكليف قيلنسون

7— مەزكور تيل، ئيملا مەسئيليسيني ھەل قيلش ئۇستيدەن 1951 — ييل ئيچيدە كەڭ كولەمليك كونفيرينسييە ئيچيش ئيشيني ئيتتيفاق باش ئيجرائييە ھەيئيتى — ئارقيليق ئولكولوك خەلق ھوكوميتيگە تەكليف قيلنسون.

مەدەنى — موئاريف وە مەتبوئات ساھەسيديكى خادەملەرنىڭ بيرنچى نوبەتليك تيل، ئيملا ھەققيديكى سوھبەتيغيني :

1950— ييل 28 — ئوكتەبر . شەھەرى ئوروەچى .

# ئۇيغۇر تىلى وە ئىملاسىدا زور بۇرۇلۇش

موشو ئۆتكەن ئۆكتەبر ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆلكىمىزنىڭ مەر
كىزى ئۈرۈمچى شەھرىدە تارىخى ئەھمىيەتلىك بۇ واقىئە يەڭ
ى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل، ئىملاسى وە ئەدەبىياتىدا يېڭى بۇرو
لۇش مەيدانغا كەلدى. ئۆلكىمىزنىڭ ھەر بىر ۋىلايەتلىرىدىن شە
ھەرىمىزگە توپلانغان مەدەنى - مائارىپ، مەتبۇئاتچىلار وەتىل،
ئىملا، ئەدەبىيات مەسىلىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان
ئىلمى خادىملار ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئىملاسى وە ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بۇ ھەقدىكى يۈز بېرىۋات
قان قىيىنچىلىق وە توسالغۇلۇقلارنى يېڭىش ئۈستىدە باش قوش
قان ئىلمى سۆھبەت مەجلىسىنى ئۆتكۈزدى.

مەجلىسدە، ئۇيغۇر تىلى، ئىملاسى وە ئەدەبىياتىنىڭ ھا
زىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە دوكلادلار بېرىلگەندىن تاشقىرى كەڭ
تۈردە موزاكىرەلەر بولۇندى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى پىكىرلەر تاش
لاندى. بېرىلگەن پىكىر وە موزاكىرەلەر ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر
تىلى دەپ ئىشلىتىلىۋاتقان تىلىمىزنىڭ مورەككەپلىشىپ، ئۇنىڭ ئىچى
گە خەلقىمىز گەپ، كەڭ خەلق كوپچىلىكى چۈشۈنەلمەيدىغان
كېرەكسىز ئەرەپ پارىس تىللىرىنىڭ ئارىلىشىپ ئالغانلىقىدىن تىل
ئارقىلىق بولىدىغان تەشۋىق - تەرغىب، خەلقنى داھى ماۋزەدى
ڭ مەفكۇرەسى بىلەن تەربىيەلەش، خەلق كوپچىلىكى ئىچى
گە چوڭقۇر كىرىش شۇنىڭغا ئوخشاش وە بارلىق ئىشلاردا
زور - زور قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇۋاتقانلىقى، شۇنىڭدەك پۈتۈن
ئۆلكىدە ئۇيغۇر ئىملاسىنىڭ بىرخىل بولمىغانلىقىدىن مائارىپ وە
مەتبۇئات، ئەخبارات ئىشلىرى بىلەن خەلق كوپچىلىگىنى تەر
بىيەلەش ئىشىدا كېچىكتۈرۈپ بولماسلىق مۈشكۈللۈك لەرنىڭ بو
لۇۋاتقانلىقى ئېنىقلىنىپ، بۇ ھەقدە ھازىر دېگىدە قەتئى بىر قارار
غا كېلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن



بېرىلگەن فىكىر وە يول كۆرسەتكەن موزاكىرەلەر ئاساسىدا ئۇيغۇر
تىلى وە ئىملاسىنى مۇۋاپىق بىر قائىدىگە سېلىش ئۈستىدە
باشلانغۇچ قەدەملىك تارىخى ئەھمىيەتلىك قارار قولغا كەلتۈ
رۈلدى. بۇ قارار گەرچە گەۋدىلەشكەن ئۇيغۇر تىلى وە ئىم
لاسىنىڭ تولۇق بىر قائىدىسى بولۇپ ھېساپلانمىسىمۇ ھەر ھالدا
ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى وە ئىملاسىنى بىر قېلىپقا سېلىشدا تېگىش
لىك ئورۇن تۇتۇدۇ. بىز پۈتۈن ئۆلكە بويىچە بۇ قارارنىڭ تو
لۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا تىلەكداشلىق قىلىمىز. وە ئۇنى
قۇۋۋەتلەيمىز.

مەلۇمكى شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ % 80 نى تەشكىل قىلغان
ھەمدە شىنجاڭ زېمىنىنىڭ تارىخى وارىسى بولغان ئۇيغۇر خەل
قىنىڭ تىل، ئىملا وە ئەدەبىياتى جەھەتدىكى قالايمىقان قىيىنچىلىقلارنى
ھەل قىلىش مەسىلىسى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىشىلمەي كەلگەن
ئىشلەردىن بولۇپ، بۇنى ھەل قىلىش يەنى تىل ئىملايىمىزنى
ئاممەوى خەلقنىڭ چۈشۈنۈشىگە، بىلىشىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش
وە شۇ ئاساسدا بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر تىلىنى وە ئىملا
قائىدەلىرىنى بەرپا قىلىش ھەممىنىڭ تەلىپىگە ئايلانغان وە كې
چىكتۈرۈشكە بولمايدىغان زورۇر ئىشلەردىن بولۇپ قالغان ئې
دى. ئۇزۇن يىللار يۇرت خەلقىنىڭ قېنىنى شۇراپ، خانە ۋاي
رانچىلىققا سېلىپ كەلگەن مۇستەبىد ھۆكۈمەتلەر زامانىسىدا
خارلىنىپ وە مەسخىرەگە تۇتۇلۇپ ئېتىبارسىز قارىلىپ ھەتتاكى
ئاغا لايىقلىنىپ كەلگەن خەلقنىڭ بۇ ھەققانى تەلەپلىرى پەقەت
ھەقىقەتكە ئىشىنىدىغان، ئاجىز خەلقنى قوللايدىغان بۈگۈنكى
مەڭ خەلقچىل ھۆكۈمەت وە كومپارتىيە زامانىسىدىلا ھورمەت
بىلەن قارشى ئېلىندى.

بۇ قېتىمقى ئۇيغۇر تىلى، ئىملاسى ھەققىدىكى ئىلمى
سۆھبەت مەجلىسىدە بولۇنغان قارارنىڭ روھى وە قىسقىچە مەز
مۇنى، پارتىيە سىياسىتىنى جانلىق رەۋىشدە تەشۋىق قىلىش ئىش
چى - دېھقان ئەمگەكچى خەلقنىڭ پارتىيەمىزگە بولغان توغرى
چۈشۈنۈشىنى ئاشۇرۇش، ئۇلارنى پارتىيە ئەشۇرىياتلىرىدىن تو
لۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيەتىگە ئىگە قىلىش ئاساسىدا بولدى. ئۇ
نىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنى قايسۇقتۇرۇپ كۈچۈ
لۇكىنىڭ بىلىم ئېلىشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان ئېھتىياجسىز ئەرەپ

وە پاريس تىللىرىنى وە پانتوركىزم مەفكورىسىنى تـەشويق
قلش غەرەزىدە زورلاپ ئكرگوزولگەن يات ئوسمانلى توروك
تيل قائيدىلرىنى سقب چقيرش بلەن ئويغور تليغا ئوزلـو
شوب ئاممە تلى بولوب كەتكەن ئەرەپ پاريس وە باشقاخەلق
تىللىرىنى خەلق چوشونوشيگە مووافق ئوڭايلق تـوغدورودى
غان هالدا ئوزگەرتيب بريشني قوللونوش بلەن سوزنىڭتوپ
مەئناسىنى ئوزگەرتمەى، يڭى ئيملا بلەن يزش وە بو هەقدە
خەلق ئارسيدا كەڭ توردە هەريكەت قوزغاب ئو توغريدافكر
توپلاپ ئيلمى مەشغولات ئيلب بريب، كيلەر يل ( 51- يل)
ئاخرلريدا ئولكە بوييچە تيل - ئيملا كونفرينسييەسى چاق
رش مەسئيلرىنى ئوزائچيگە ئالودو. شنجاڭ ئاهالسىنىڭ كوپ
چولو گينى تەشكيل قلغان ئويغور خەلقينىڭ تيل ، ئيملا وە
ميللى سەنئيتى هەقيقەتەن ئوتموشدە قاراڭغولوقتا قالغان وە
تاشقى تەسير هوجوملريغا يولوققان ئيدى. مانا شونداق
نەچچە خل سوئى قەست وە تەجاووز بلەن يولوقتورولغان ئوي
غور ئەدەبى تيلى خەلق ئامميسىنىڭ تەلىبيدن يراقلاشدى. ئيملا
جەهەتدە يوز ئادەم نەچچە يوز خل ئيملا قائيدىلريدە خەت
يازيديغان بولوب كيتب دائيرە قلپسز، ماليمان بر هالغا كيلب
قالدى. شوڭلوقتەك مەكتەپلەردە ئوقوواتقان نەچچە يوز مڭ
ليغان ياش بوغونلريمز بو قالايميقانچيلقلارنىڭ كـاساپتيدن
ئوز ئيهتياجىنى قامديغيدەك ئيلمى ساواد چقيرش ئيمكانيتي
دن هەم مەهروم بولوب كەلدى.

ئويغور خەلقينىڭ ئەدەبىياتى، تيلى سوتسيئاليزم دەوريدە
ستالين رەهبەرلك قلغان سوويتلەر ئتتيفاقيدا قەددينى كوتەر
گەن ئيدى. ياش ئويغور ئەدەبىياتى وە تيل ئيملا تەركيبى
يوكسولوشى، ئويغور شوناس ئالملارنىڭ وە ئويغور زيىالى
تيلچى - ئەديبلرىنىڭ بارلققا كەلتورولگەن ئيلمى ئەمگيگى
چوڭ نەمونە وە ئوستاب بولوب، بوگونكى كوندە ئويغور
تيل، ئيملاسيني بر قائيدەگە كەلتوروب ئيلشدا وە كورونو
شى ميللى مەزمونى ئيلمى يڭى ديموكراتييەلك مەدەنييەت يا
ريتشدا كەڭ يول ئيچب بەردى. بو ئەلبەتتە چەكسز مىننەتدار
لققا ئەرزيدى. مانا شو كەڭ ئيمكانييەتلەر ئارقسيدا بوگـون
ئولكومزدە بو ئولوغ ئشقا ئيريشلدى: بەزيلەر « تيل ، ئيملا



مەسئلەسينى ئالاهيدە مەسئيلە قلب، ئو توغريدا باش قاتوروشنىڭ
نيمە هاجيتى، هازير مەفكورە مەسئەلەسينى موزاكيرە قيليش
واقتى، ئونىڭ واقتى ئەمەس» دەب قالماشميغان پەتوالارنى چي
قيريشيدو. بو «ئالى جانابلار» پارتييەمز سياسيتيني خـەلققە
تەشويق قليشدا ئاساسى قورال تل ، ئيملا، ئەدەبييات ئيكەن
لىگينى بيلمەمديكين؟! ئومومى پروگرامماڭ ميللـى سييا
سەتكە ئائيد ماددىلرىنى كورميگەنميكين؟ بونداق باهالاش
پەقەت ساوادسزلق قارغولوقدين باشقا هيچ نەرسە ئەمەس،
تيل، ئيملا هەققيدە باش قوشوب قلنغان بو ئەميلى قارار پار
تيە سياستينى ئاممىغا ئاڭليتشدا بردن - بر زەرور بولغان ئا
ساسى مەسئلينى هەل قلش بولوب هيسابلنيدو. بوڭلك بلەن
تورلوك قييىنچيلقلاردن قوتولوب، ئويغور تلى وە ئيملاسى بر
قيلپلق تيل قائيدىسيگە كريب، يقن كەلگوسيدە موكەممەل
هالديكى ئويغور ئەدەبى تلينىڭ بارلققا كيليشيگە چوڭ يول
ئيچلغوسيدور. بو هەقدە ئيهتيمال يەنە بەزى پان توركيزم وە
پان ئسلاميزمنىڭ خييالى تەسەوورلريغا مەست بولوب قالغان
كونا خومار ئەكسييەت غەرەزيديكيلەر دينى وە ميللى مەس
ئيليلەرنى دەستەك دوقال قيليشيب تورلوك ئويدورميلەربلەن
خەلق ئاريسيدا سوز - چوچەك ئيغواقيليشيمو چيقار لـكين
ئونداقلارنىڭ هەر قانداق تەتور تەشويقلرى هيچ قانداق
ئيلمى ئاساسقائيگە بولالمايدو.

شونيمو ئەيتيش كيرەككى: كوممونيزم بايريقى لەپيل
ديگەن بارلق ديموكراتيك ئەللەردە ئينسانييەتنىڭهەممە تەلەب
ئيهتيياجلرى تولوق تەمين قيلينش بلەن هەققانى بەختليك
تورموش كوچوروش يوليغا قاراب ئالغاباسيدو. بوئەللەردىكى
خەليقلەرنىڭ هەر بر قەديمى ييـگيليقلەر وەيكى تەلەبلەر بلەن
بيسيليدو. بوليديغان هەر بر ئيش ئەمەلييەت كەڭ تارقالغان
ميهنەتكەش سادا خەليقلەرنىڭ پەراوانليگى ئـاساسيدا ئيليب
بيريليدو. شونىڭ ئوچونمو پارتييەمزنىڭ خەليق هەققانيتيديكى
هەر بر چاقيريق وە بوليوروقلرينى كەڭ خەليق ئامميسى
بيواستە كورو شاليشى وە ئوز ئيختيياريدا چوشونوب بيلاليشى
لازم. وە بزنىڭ تيل ئيملاييمزمو خەليقنىڭ ييگيلقا ئينتيليش

يېڭى ئەرسىلەرنى بىلىش، ئۆگىنىش ھەۋەسلەرىگە ئويغاقلىق توغدوروپ بېرىشى لازم.

شونىڭ ئۈچۈن بو نوبەت باشلانغوچ ئوزگوروشكە كىرگەن ئۇيغور تىل، ئىملاسى ھەققىدىكى قارار وە مەشغولاتلەرنىڭ ئەھمىيەتى ناھايىتى چوڭ. بو توغرىدا ھىچ قانداق باشقىچە باھالاش وە غەيرى مەنا بېرىشلەرگە ئورون يوق. ئۆلكومىزنىڭ ھەر بر جايلىرىدىكى خەلىقلەرنىڭ بوندىن كېيىن قىزغىنلىق بلەن ئۇيغور تىل بايلىقىنى ئاشوروش وە ئىملا مەسئىلەسىنى بر ئوقتىگە كەلتوروپ ئاممىنىڭ ئىھتىياجىغا، دەورنىڭ تەلىبىگە جاواب بېرەرلىك ھالدا ئىلمى، تەنقىدى، فىكرى، ماقالىلەرنى، ماتېرىياللارنى توپلاپ ھىچ قانداق ئىككىلەنمەستىن ئۆلكومىزدە بار بولغان مەركەزلىك مەتبوئات ئورونلىرىغا ئىۋەتىپ بېرىپ ئال ماشتوروپ، بو ئىشىمىزدە بوبوك غەلىبەلەرنى قولغا كەلتوروش ئۈچۈن ئومومى ھەرىكەت باشلىشى لازم. مانا شو ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۇيغور مىللى ئەدەبىياتىنىڭ چىرايلىق وە موكەممەل مەزمونلىق كلاسسىك ئەدەبى ئەسەرلەرنى، داستانلارنى يارىتىش ئۈچۈن ئىلمى ئەمگەك ئىشىگە كىرىشەيلى!

# ئۇيغور خەلق قوشاقلىرى

## ئالمىخان قوشاقلىرى

ئالمىخان دەپ ئىتتىك قويوق،
ئىشىگىگە قوم تولوق.
سەن ئوزەڭنى چوڭ توتوپ،
قالدىڭ يىگىت بىزدىن قوروق.

ئالمىخاننىڭ ئانىسى،
سورتىيوەتتى چىلەكنى.
ئالمىخاننى سويگەنلەر
ھەرگىز سويمەس بولەكنى.

ئالمىخان ئايدەككىنە،
مېنىڭگىنى تايدەككىنە.
ئالمىخاننى كورسەڭلەر،
كوڭلىدىكى ئايدەككىنە.

داڭگىلاتسام - داڭگىلاتسام،
تاشنى ئاتقان ئالمىخان.
قاشنى ئېتىپ، كوزنى سوزوپ
جاننى ئالغان ئالمىخان.

ئالمىخان دەپ قىچقىرسام،
ئۆزىنى باغلاردىن چىقور.
كويىگى ئەمدى بېسىلدى،
دەردى ئۆلگەندە چىقور.

ئالميخان دەيمو سىنى ،
ئايسيخان دەيمو سىنى .
قولدا باقۇان پاخلينيمدەك
ئۆلتوروب يەيمو سينى .

ئالميخانىنىڭ ميگيشى
ياڭ بلەن داكىزا بلەن
ئالميخانغا دوست بولساڭ
باقيدو ساگزا بلەن .

كورميگەنلەر ئەيتيدو
ئالميخان قانداق نيمه
ئاغزى ئويماق بيلى چومەك
كوزلرى قات - قات نيمه .

ئالميخانىنىڭ ئاقلغى
لەمجيندە ئاتقان پاختيدەك
بەدينيدە گوشى يوق ،
رەندە سالغان تاختيدەك .

ئالميخان دەب ديگى بار
گول تووىدە چيگى بار
ئالميخانغا سەپ سيليگلا
ئوڭ قيشيدا ميگى بار .

ئالميخانىنىڭ بشيدا
ئوچ توپ ئوزوم قاشقرى
ئالميخانغا سەپ - سيليگلا
ئوتتور چيشى تاشقرى .

ئالميخانىنىڭ يولليرى
ئوچيوز ئاتميشنىڭ يولى
ئالميخانغا تولا قيلراپ
ئيشيلدى كيپيشنىڭ سوكى".



ئالميخاندەب قچقرسا ،
لەوەى ديگەن ئالميخان
مەن بوگون بارايدىسە،
ئەوەى ديگەن ئالميخان.

ئالميخان دەب ئاگليدم،
بيليمنى مەھكەم باغليدم.
ئالميخان سەن يار ئوچون،
جينيمنى قوربان ئەيليدم.

ئالميخانىنى كورەيگەن ،
تورپاندا ئامبال قالميدى.
ئالميخانغا بەرەيگەن ،
كوتلەردە تامبال قالميدى.

ئالميخان ئوزى چاققان
شويى 1) بلەن ئوينيغان
ئاخيريدا توتولوب
بازارغا ئيريق چاپقان .

ئالميخانىنىڭ ئيريغى
شەر ئچيگە ئولاغلق
ئالميخانىنىڭ دەرديدە
ھەر ييگيتلەر سولاغلق.

ئالميخانىنىڭ ئيريقى
ئايدا - ييلدا بوزولور
ئالميخاندىن سوراشلار
ئوزى قاچان توزولور.

تام بشيدا بر پەلەك
بر پەلەكدە ملك خەمەك
بچيمم پەكەلبە قالدى
بيشم ئاچچق خەمەك .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئالمىخاننىڭ بېغىدا ،
سايرىغان بولبولى مەن.
ئاھ جىنىمەي ئالمىخان
قايسى باغنىڭ گولى سەن.

يايچىبەك قوشىغىدىن (1

ياچى دېگەن يانچىدۇر
ئوچرىغانغا سانچىدۇر
ياچىغا ئىگىلمىسەڭ
ئۇرباڭ (2) بىلەن يانچىدۇر .

ياچىبەكنىڭ ئۆيى بار
چىلان توغراق ئارقىسىدا
ئالاي دىسەم بەرمەيدۇ
بويىغا يەتكەن قىزى بار.

ياچىبەك ئەخمەق ئىكەن
بېلىدە چاقماق ئىكەن
ياچى بەگنى ئولتۇرگەن
سارىباش قالماق ئىكەن.

(يومولاق جوگان قوشىغىدىن )

يومولاق - يومولاق قوش يومولاق
سەيدىيخانغا مەنئ ئىمىراق
سەيدىيخانلار قارىمىسا قارىماس
تىخىمو ئاندىن مەن ئىمراق .

1) بۇ ئىسمنى تورپاندا « يانچى، بەك » دەپمو ئاتايدۇ.
2) ئۇرباڭ — توخماق



سوغا چقدىم بولاقتا
سونى ئالدىم قاپاقتا
نىمە ئاتچە قلىسەن
سەپگول، يالاڭ قاپاقتا .

مەن گوچوگغا ماگغاندا
داۋانلارنى قار باستى
قاچان كېلىسەن يار دەپ
بىزنىڭ يارنى غەم باستى.

مەن موريدىن چققاندا ،
ئالتى ئىشەكتە ماش كەلدى .
قاچان كېلەر يارم دەپ
قاراكوزگە ياش ئالدى .

ئىشىگىمدىن ئوتتومەن
تامبورنى تاراڭلىتىپ
مەيلىڭ بولسا چق يارم
چىچىكنى پولاڭلىتىپ.

ئىشىگىمدىن ئوتەرمەن
گول - زاراڭزا تەرگىلى
گول - زاراڭزا بانە بولدى
سەن يارىمنى كورگىلى.

گول تىرىدىم كورسىلە
ئوسما تىرىدىم كورسىلە
بر توتام ئوسما بىرەي
بوينۇم قوچاغلاپ سويسىلە .

ھاوا دىكى لاچىننىڭ ،
قانىتىدا توپا يوق .
چىرايلىغا كويمەڭلەر
چىرايلىقدا واپا يوق.

نېمە دەپ سوندۇم قولۇمنى
پىشمىغان شاپتولىغا
نېمە دەپ بەردىم كوڭۈلنى
بىۋاپا شو يارىغا .

چوڭ قومۇلنىڭ يوللىرى
ئالتى داۋان، يەتتى خادا
سەن جېنىمنىڭ دەردىدە
مېدەمدە موشتومدەك گادا. (3

ئاتام سالغان ئېمارەتلەر ،
قومدان ئوخشايدۇ .
قومۇللۇقنىڭ خان بەگلىرى
تونگان ئوخشايدۇ .

ئۈچەن ئالتى تۆگمە توگدۇم
ئالتون ئەمەسمۇ ؟
برنى كوروب بردن كەچكەن
سەن يار ئەمەسمو ؟

ئاتام مېنى چاڭخو (4) قىلىپ
يامبو تاپامدۇ .
چەڭخولوقدا ئولوب كەتسەم
قومدن تاپامدو .

ئاتام مېنى - ئانام مېنى
بالام دېمىسون
خودا سالدى يار دەردىگە
يامان دېمىسون .

3- گادا - توگون
4- چەڭخو - هارويكەش



داپنى مەن چالغان بلەن
ناخشىنى ئەيتالمىدىم
يېڭگى يار توتوب قويوب
قوينىدا ياتالمىدىم .

مەن گوچوڭغا بارمايمەن
ئو - گوچوڭدا قەرزىم بار
قز ئالسام جوگان چقدى
قىناتامغا ئەرزىم بار .

يارى كېلىپ ياتىدو
ئېتىنى باغلاپ ياتىدو
ئېتىغا بانە قلىپ ،
يارىنى ساقلاپ ياتىدو .

قارلىغاچ ئوزى قارا
ئوچسا ئونىڭ باغرى ئالا
ئالتى ئاي ئوتوگدا كويدوم
بلمىگەن كوڭلى قارا .

قارىقاش ئولتورودىلا
باغدا ئېچلغان گوللىدەك
خويما ئېچم پوشودو
قەپەزدىكى بولبوللىدەك .

قارىقاشم بار مېنىڭ
قەلەم قاش لازم ئەمەس ،
قز ئاداشم بار مېنىڭ
چوكان ئاداش لازم ئەمەس .

ئالما گولنىڭ نارىدن
كوڭلوم قالدى يارىدن
يار دېگەن سەندەكلا بولسا
كەچدم جاهاننىڭ كارىدن

قىزىل گول ئېچىلور
باغلار ئىچىدە
قاراكوز ئولتورور
هوجرا ئىچىدە .

قىزىل گول ئېچىلىب
بولدى پېشانەم
رەهمە ئەيلىگەيسەن
پەروەر دىگارم .

سەمەرقان سەيلىسى
سايىنىڭ بولاقى
هەجەپمو دەرت ئېكەن
يولنىڭ يراقى.

سەمەرقان بېغىدا
ئالما پىشىپتو
ساپىغى ئايرىلىب
يەرگە چوشوپتو.

بېغىغا كرەر بولسام
قولوغغا تېوەر ئالغىن
يورتوغغاموسافر مەن
هالمدىن خەوەر ئالغىن.

بېغىغا كرەر بولسام
بېشىمغا ئاپتاپ ئوتدى
بويوغدىن ئورگولەي خېنىم
سېنىڭقەدرىڭ بەك ئوتدى.

ئېيتم بولسا، مېنسەممەن
يارىم بولسا كورسەممەن
بوينىغا گرە سېلىب
قوچىغىدا ئولسەممەن.



ئاخلاپ چوشتوم باقچاڭغا
ئاسوال ئالدىم چاقچامغا
خولقى لىيوەنشوسىتەڭنى
ئالداپ ئالدىم ئاقچامغا .

قاپقارادور قېشىڭىز
ئونبەشتە باردور يېشىڭىز
سز مېنى ياراتسىڭىز
مەن بولاى ئادىشىڭىز.

ئات بەرسەم مېنالامسەن
دەپسەنگە چقالامسەن
مەن تارتقان دەرت ئەلەمگە
سەن بولساڭ، چىدالامسەن.

چەككەمسەن تاماكانى
يوقمىدى چلم - غاڭزاڭ
ئېزدەپمو تاپالمىدم
نە دىدى سېنىڭ پاڭزاڭ، 4)

يان بولاقمو - بولاقمو
قوتور ئېشەك ئولاقمو
پوتا سالسام كەلمەيسەن
پوت، قولوڭ چولاقمو.

كاڭنىڭ ئالدىدا ئوچاق
ياكاق تووىدە پورچاق
مېنىڭ برلا يارىم بار
ياسىغان قىزىل قونچاق .

---

4) پاڭزا — ئوى

توپلىغوچى : چاپپار زىيائىدىن

# شەفقەت

(هيكايە)

هاروا ئەسكى ياغاچ كوروكدىن ئوتوپ، تيقردالا يوليغا چوشووالدى. هارويكەش يگت قايريلب، ئەووەل هاروا ئوقيغا ئيسلغان توغريغاكين هاروا ئوستيديكى ئيككى باغبيديگە كوز تاشليديدە، هەممە نەرسە جاييدا ئيكەنلكيگە ئيشەنگەندين كيين، ميگيشيني ئيلدا ملاتتى. كەچكى سالقن چوشكەن. ئوتلاقدين ئيلب كيتلميگەن ئينەك سوزوب-سوزوب مورەيدو. جاڭزيلاردا كەچكى تاماق ئوچون يقلغان ئوت تۇتونى ئوزوپ يوروپتو.

يگيت بيشى ئوستيدە ئوچوب كيليواتقان برتوپ چيويننى قاچورماقچى بولوب قامچيسيني كوتەرگەن ئيدى، كمنڭدو:

- تاغا، هاريويڭزغا چوشوروب ئالسيڭزچو ؟ - - ديگەن ئاوازى ئاڭلاندى. ئوبو ئاوازنڭ قاياقدن كەلگينيني بلمەي هاڭ - تاڭ بولدى. وە ئاستا قولينى چوشوردى. بر نەچچە قەدەم نيريدا پەرەنجيلك يوزبنى ييرم توسوغان بر قز توراتتى، يگيت ئاتنڭ بيشيني بردن تارتدى. قز، چاقدن هارووغا چقدى. يگيت ئاريدن بر ئاز واقت ئوتكوزوب، چاقچا قاراش باهانيسى بلەن قزغا تەلموردى. قزمو ئوننڭغا تيكيلب تورغان ئيكەن. ئككيسيمو ئوندەشميدى. هارواغيچرلايدو يقن ئاريدابو دينە سايريشى ئاڭلنيدو.

هارواكەش قيسق ئولتوروب تنماى تزگيننى سيلكيدو. قامچيننڭ سيپى بلەن شوتيني ئوروب قويدو. ئو شونداق بجرم قزنڭ كەچدە نەگە باريديغانلقيني ئويلاتتى. بو كمدو؟ برەر واقئە يوز بەرديمو؟...... يگت قزيقيدو. ليكن تونوش بولميغان قزدين برنچى قەدەمدە سوراشقا پيتينالمايدو.

تاغ ئارقسيدين ئاي كوتورولدى. كەچكى سالقن باشلاندى.



ئاتدين كوتوروليواتقان تەرپوروغى ديماققا ئورولودو. يگيت جم كيتيويريشدين زيريككەندەك ئاخشاباشليدى. ئونوڭ تاتليق ئوتكور تاوشى ئوزاققر و دەريا بويلريدين ئەكس سادا بيرب قايتار ئيدى. سوننڭ هاواسى ئوروب كشيني تە - ريتەتتى. يگيت تيگيگە قويوب كيليواتقان چاپينيني كيمەكچى بولوب، ئالغنيداقزدين ئويالغاندەك قايريلب ئارقسيغا ئوزاتتى.

— سڭليم مانا، بو چاپانغا ئورولوب ئولتوروڭ دەرياغا يەتتوك، سوغاق....

— مەن موزلومودوم. ئوزيڭز....

هاروا توختيدى. ئاتسوغا چوشمەي شوخشوب توراراتتى. ئوستى-ئوستيگە قامچاتەككەندين كيين ترەجەپ، بردين هاروينى تارتب كەتتى. سو ئاتننڭ قارنيغيچە چقدى. قز هاروا ئوستيدە ئولتوروب سەسكينەتتى.

دەريادين ئوتوب، توز يولغا چوشوب ئالغاندين كيين يگيت، برەر نيمەدين ئوميددار بولغانغا ئوخشاش ليڭفرچاقچا يينيچە ئولتوردى وە قزغا ئورولدى.

— سيڭلم قرغا بارامسز؟

— قشلاققا.

— قايسى قيشلاققا؟.... كمنڭكيگە، ئەيتيويريڭ. بو ئەتراپنڭ هەممسيني تونويمەن.

قز جم ئيدى.

— ئوزيڭز قەيەرليك؟ — ديدى. يگيت يەنە.

بر ئازدين كيين قز ئوڭايسزلينب:

— چوخچيلاب سوريماڭ —ديدى. هە شەيتان —ديدى يگيت ئيچيدە— كوردوڭكى، ئيش پوچەك بولاي دەپتو. «چوخچيلاب سوروماڭ.» دييشيڭدين ئوزاق نەرسيني ئەيتماقچيغا ئوخشايسەن. ئولوشدين قيچب پادشانى مڭ بركيچە ئالديغان خوتونيني هەم ئاڭليغانمەن. مەنزيليگە يەتكيچە ميني هيكايە بلەن ئالدايديغانغا ئوخشيمامسەن. مەيلى ئازراق سوزلە، ئاڭلاب كورەيچو....

— تارتنماى سوزلەوريڭ.

قز يانا بر ئاز جم بولدى.

— مەن، شو قيشلاقنڭ ئوزيدين. پاختيچى باينى بەلكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تونۇرسز؟

— ئەخمەت باينيمو؟

— ھە! قىزى بولامسز؟

— يوق. باينىڭ ئۇتكور ئاتا، ديگەن كشيسى بار ئىدى.

— ئۇتكور ئاتا، ھە بار ئىدى. ناھايتى ياخشى تونويمەن ئولديغو ئو، بيچارە ئادەم.

[illegible] قىزى، پارلىغى ھەققىدە يگيت لەردين كوپ گەپلەرنى ئاڭلايتتى. ئەمما ئۇنى زادى كورميگەن ئىدى.

— ئۇزيڭز كم؟

— مىنىڭ ئىتم پالتاباي، هارويكەشمەن، نيرقى قيشلاقدين بولومەن. بر نەچچە ئاي باينىڭ يوكينى ھەم توشوغان ئىدىم، شو واقتىدا ئاتيڭزنى تونوب قالغان ئىدىم. ئەمدى نەگە كيتب باريسز؟

— ئاتام ئولدى. كوموپ كەلگەندين كيين، بايوەچچە مينى قچقرب نەسيھەت قلدى. «قزم يغليما» ئاتا- ئانا ئولمەك فەرز. ئوندااق - مونداق - دەب كيين: «سەن مينىڭ قزم قاتارىداسەن، ئوياق - بوياقا باريمەن - دەب هيچ تەشويشلەنمە. موشتيپار ئاناڭنى ئسسيق ئورنيدين قوزغاتما . يور، ئوينا، يايرا» - ديدى. ئوزومنىڭ هيچ تورغوم كەلمەس ئىدى. بر ئايدين كيين يانا باي ئاتيغا «جاواب بيريڭ، كيتيمەن» ديدم. ئەووەل ياخشى سوزليدى. كيين ئاتاڭنىڭ ئولوگينى كومگەنمەن، ماڭا قەرزدارسەن، كيتەلمەيسەن.» - ديدى. يغليدم، قاخشيدم. ھەممىسيدينمو قيرى ئانام بيچارەينى چوقولاشلرينى ئەيتمامسز؟....

يگيت شونداق قزغاھەمدەرد بولغينيغا ماختينب ئچيدە «ساڭا زولوم قلغان ئيكەن، باينىڭ كالليسينى ئيلب كەلسەم رازى بولامسەن ؟» — دەيتتى، قز غەزەپلينب ئاق كوڭلى بلەن داوام قلاتتى :

— كيين بر كونى .... ئولسون هيليقى ئيتى ئوچكور باي نگچو.... ھە بر بەگواش ئوغلى ھەم بار . ئاشخانيدا قازان يويوب تورسام ، قوليدا چيلم كوتوروب سەرەنگە ئزديگەن بولوب كرب كەلدى. بر واقتدا ئولگور قولومنى توتوب.... قاچيمەن ديسەم، چيلمنى دەسسەب ئالدم، پاچاقلاندى، شاپيلاق بلەن يوزيگە ئوردوم .



يانا بر كونى ئاشخانىنى سوپورووواتسام ، كرىب قيلب يتدى. قوليدن قيچب، يەرديكى بەلگورجەكنى ئيلب بوگوردوم «يەسينى، يەئوزومنى ئولتوروەمەن» - ديدم. قيچب كەتتى. ئولە ! دەيمەن. يەنە قورقتوم. مەن، بر قز بولسام، قورقوب كيچيسى ئوخلالمايمەن، قز ئيتيوەگەن سيرى يگيت ئاچچيغليناروم تيتلداب بى ئختييار ئاتنى ئورودو.

— بر كونى باي باوا كيلب ماڭا : « باليخانيغا ئورون سيلب بەر! » ديدى. ئورون سيليواتسام ، باي چقب ئيشكنى ياپتى. رەڭگى ئوچكەن — ئولوككە ئوخشايدو .

ماڭا قاراب چولتا ئيلجيدو . جينم چيقب كەتتى. « يقن كەلمەڭ هيلى ، ئوزومنى ديريزيدن تاشليويتيمەن. » ديدم . ماڭا ييپشدى كوينەكلريم يرتلدى. زورغا قيچيب قوتولدوم. « داد » دەب خالايقنى قچقريمەن ديدم، يانا شەرمەندىلك بولمسون - دەب.... ئاتامنىڭ دوستى قاراول چالغا ھەممىسينى ئيتب يغليدم. چال هيلى دالاغا كيتب يارغنيدا « قزم سەن، بويەردن قاچ، سينى بولار نابود قليدو، بر ەر كونوڭنى كورەرسەن.» ديدى.

— مڭ رەخمەت سڭلم. - ديدى يگيت .

— ئادەم ئيكەنسز. مينىڭ بر موما بار خالاس. ئەمدى شو چاڭگالغا قايتب چوشمەسلگيڭزگە مەن كيپيل. سزنى هازير مومامنىڭ ئالديغا قويوب ئوزوم قايتيمەن. ئازانغيچە ئوزوڭزنى ھەم ئيلب كيليمەن . ئويومدە خاليغنيڭزچە تورۇڭ. برەر توزو گرەك جاي چقسا ، ئوزوتوب، ئاتيلق قلش ھەم قولوەلدن كيليدو.

— يوق. قويوڭ يانا ئانامنى - دەب سزگە برەر زيان ....

— ئونوڭدن ئەسلا خاترجەم بولوڭ ! شونداق خەتەرلك يولدا يانا تونوش بولموغان هاروا كەش بلەن يوروشكە قورقميديڭزمو ؟ - ديدى يگيت ئايدڭدا قز هوسنيگە تويماي تيكيلگەن هالدا .

قز تميسكەلنب پەرەنجيسى ئچيدن بر پچاقنى چقاردى. وە يگيتكە ئوزاتدى .

— ئاتامنىڭ ئيدى. بايا تيپيب ئالدم. يالغوز يولدا، يولداش بولار دەب ئيلب ئيدم .

ئاي‌تويىيگە كەلدى. قشلاق ئويقودا، دەريا شووورلايدو.
هاروا پاكار غينە ئيشك ئالدىدا توختىدى. يگيت ئاتنى هارودىن چقاردى. ئو، ئيشكنى ئاچقان موماىغا برنەچچە ئيغزسوز بلەن هەممە واقئەنى چوشەندوردى. قز بەرگەن پچاقنى ئاغدورما ئوتوگينڭ قونچسيغا سيلب ئاتقا مينلدى.

يگيتنڭ‌قاريسى كوزدن يوقالغيچەقز ئونوڭ ئارقسيدن قاراب قالدى. ئوزاق يقندا ئيت قاوايدى. ئو بر ئازدن كيين، ئسسق بوز كورپيگە كريويتب: — قزم، ئيككى توخو ئوتدى. — ديدى موماى.

(ئوزبەكستان ئەدەبياتيدن)

# توى

(برنچى ئوكتەبر دەولەت بايرىمينڭ برلمليقيغا بيغشلاب)

ت. ئيلييوف

«توينڭ بولغينيدين بولودوسى قزيق»
(ئويغور خەلق ماقالى)

قز بلەن يگتنڭ نيكاه كونيني
توى دەيدو. ئادەملەر بوروندين تارتب
بر تاتلق كيچيكى كشى، ئومريدە
هيچ لەززەت ئونوگدين كيتەلمەس‌ئارتب

براق بو بەرمەيدو موندلاق هوزورنى،
سويوشكەن بو ئيككى ياشدين بولەككە
ه، شونداق بر كيچە داغ سەپ‌ئوتودو
هجراندا ئيزلگەن قانچە يورەككە.

براق مەن شو تاپتا باشقا بر تويغا،
زوقلونوپ هاى يولەن‌تارتقيم اكيلدو.
يورەك ئيلهاميني بو تويغا ئاتاب،
دەل بوگون قوشاققا قاتقيم اكيليدو.

نيميشقا ديسەڭ بوميليونلار تويى
ميليونلار ميهنيتى توغدى بو تويني.
بوگون قانچە ئەسر قان‌يوتقان‌ئەللەر،
تورموش ييڭى ياققان چرايني.

خيلى زامان بو تەڭليك توينڭ،
قزيق بولودو سيني ئوتكەزدوقجەگدە.
بو تويغا ئومتولوب قانچەقوربانلار،
چيليشتى تامچا قان قالغيچە تەندە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بوتوى ئۇچون ئاقغان قاندىن گول ئۇنوب،
دەشتلەرنىڭ باغرىنى قوچماقدا چىچەك.
كوروگە ! ھاكىرايدو نە قاتارلىق سەت،
پاتقاقغا تىقىلىب فىئودال ئىشەك.

شو ئىفلاس مەخلەسنىڭ دەردىنى تارتىب،
شەرق ئارسلانىنىڭ قەددى پوكولگەن.
ئىچىدە ئىت قاترىغانلار دەستىدىن،
كوكسىگە قانلىق داغلار پوتولگەن.

سولڭ وىيتنىڭ چىلىشقا ئاچقان مەيدانى
بولدى خائىنلارنىڭ بەزمىخانىسى،
تورت يونلىخورنىڭ ئاچكوزلىگىدىن
كوكلەرگە يەتتى ئەلنىڭ ئالىيسى

ئالواستى ئالچاق سامورايلارنىڭ
قىلىچىدىن قانغا بويالدى توپراق.
ھەممە بولوڭلاردا شونداق تىلەكلەر.
« سەككىزنچى ئارمىيا كەلسىدى پاتراق » .

شو ئىغر كونلەرنىڭ دەردىنى تارتقان ،
خەلقلەر ئىچىدىن چقىش بر سىنىف.
بو سىنىف گاڭ يورەك ئىشچى سىنىفى،
زولومغا ئوت ئاچدى يالقونلەك يىنىب.

بولقا توتقان بوچىلىشچان توپقا،
ئوغىقىنى قستوروب قوشولدى دهقان.
گوكسەنداڭ پەللىگە ئز ئىچىب بەردى.
يەڭگەننىڭ باغرىدىن ئىتلدى وولقان.

يەڭگەندە ماوزەيدوڭ كوتەرگەندە توغ،
ئاستىدا يوقسوللار ئاقدى دولقونلاب.
چىلش سەفىرى ئۇچون قلغاندا يوروش،
ئارتدا بووايلار قولى قالدى پولاڭلاب ...



شو قىرى قوللارنىڭ پولاڭلىشىدا،
مەنا بار ئىدى تاغدىنمو يوغان.
ئومىد پەللىسىنى توسالماتتى ھەم،
سەفەر ئالدىدىكى ھەر توسوق توغان.

قولشوغىغا كرىب ئو ئىل — ستىيرتنىڭ،
ئەلگە ئوت قويوشنى ھوددىگەئىلىب.
چقان جاڭ كەيشى داد سالدى ئاخىر،
كىچىسى ئاق ئويگە يوزمىڭ ئىگىلىب.

قان بەردى يوقسوللار،قزىل قان بەردى،
ئازادلىق يولىدا ئسسق جان بەردى.
چىلىشدا بزلەرگە كوتكەن ھەرئوتوق،
غىرىپلار ئىلىگە شەرەف- شان بەردى.

شو موشكول كورەشنىڭ داوانلرىدا،
پارلاق ئىرادىنى قلماي قلچە تەرك.
ئىزىز تلەكلەرنىڭ، قزىل قانلارنىڭ؛
مىليونلاب وارىسى ئاخىر قوچتى ئەرك.

بو توينىڭ ئشقىدا ئورتەنگەن ئىدى.
بزنىڭ ئىلىمزنىڭ پوتون ئەسرى.
ئاقىبەت بو توينىڭ تولغىغى يىتب،
يوز توتدى بو ئىلىمز ئوتوق سىرى.

بو توينىڭ ئىگىسى فەقەت ئوزىمز،
ئوزىمز سازچىسى ھەم ئوسولچىسى.
قز يگىت ئوزىمز ھەم ئاتانىسى،
چاقچاقچى ئوزىمز ھەم ماقالچىسى.

ختاينىڭ غىجىگى، تونگانىڭ نىيى،
ئويغورنىڭ دوتارى، مونغولنىڭ خورى. [1]

1) — خور— مونغول خەلقىنىڭ مىللى سازئەسۋابىدىن برخىلى.

قازاقنىڭ دومبورى، روسنىڭ گىتارى،
ئازادلىق كويىنى كويلەيدو بەرى....

خوشاللىق نەغمىسى ياڭرايدو بوگون،
قەددىنى كوتەرگەن ئەلنىڭ دىلىدىن.
ماوزەيدوڭ دەورىدە ياشناواتىمز،
قستوروب چېكىگە ئەرك گولىدىن.

داغدوغا تويلارنى ياسىغان خەلق،
ياراتتى تارىخقا ئەڭ ئېسل بابلا.
تورموش لوجىلىرى ھەيويتىمزدىن،
تىترىشىب ھودوقوب قالدى قاراپلا.

سوويتلەر سايوزى وە چىن ئادەملەر.
بو يولدا بزلەرگە جان دوست ئاغىنە.
ماڭىمز نشانلاب، كەڭ كىلەچەكنى،
قورومىز ھاياتدا يېڭى ئائىلە.

بوگون توى گولشىنى يايدى ئېتەكنى،
شوخ زوقلار قاپلىدى بو ياش يورەكنى،
مەڭگو تويلار ئوچون قىنى ئەمىسە،
كوتورەيلى دوستلار موشو قەدەخنى!...

---

# برنچى ئوكتەبر

زىرەك

قەددىمزنى كوتەردوق بوگون.
بوگون ئاچدوق تارىخ بتىدىن
ئەسرلەر ئارزوسى —
پارلاق واراقنى.
بوگون تكلىدوق ئولوغ وەتەندە
قىنىمز بلەن بويىغان —
قزل بايراقنى.
بو كونلەر بزگە قانچە قانلار،
قانچە جانلار ئوچون كەلدى، بلىمز.
شوڭلاشقا قەدىرلەيمز بو كوننى
شوڭلاشقا بايرام قلىمز.

*

تېخى خاتىرىمزدىن كەتمىدى.
توكيو غالجىرلرىنىڭ واقىرغانلرى:
—«جونگو بزنىڭ بولىشى كېرەك
ھەم ئاسىيا!»(؟!) دەب جاقىرغانلرى.
موشو دەيبوز، موشو باسمىچى ئېشت
ئەرك دىگەننى باستى جادىغا.
ھەمشىرەلەرنىڭ نوموسىنى دەب،
تالاى ئانىلار قالدى ناليغا.

وەتەن دىگەن ئادەمنىڭ بېشىدا
ئوينىدى يالاڭغاچ قان تامغان قلىچ.
ياپون پالەشلرىنىڭ ترىلىشى ئوچون
ئېسسىق بوشوكدە بوواقلار تاپمىدى تنچ.

ئاتىنىڭ يوروكىگە تىرىلدى نەيزە،
بوۋاقنىڭ قېنىنى ئىچىپ تىرىلگەن جاللاد.
ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ باشلىدىن
«قىساس»! دەپ باشلىدۇق جىھاد.

ياپون خونپەرلىرىنىڭ گورىگىمۇ ئوت قويدۇق،
لېكىن تۈگىمىدى ئاپەت ۋەتەندە.
جاڭكەيشىدەك يوندىخور پەستكەش
زۇلۇم چىچىۋەتتى ھە، دىگەندە.
يەنە كۈرەش قىلدۇق ئازادلىق ئۈچۈن،
ئىشچى ۋە دېھقان شىمايلىنىپ تەڭ.
ئاق ئوي كوچۇكلىرىنى سوردۇك ھەر جايدا،
«بىرلىنىڭگە ھوجوم» دەك قىزىپ كەتتى جەڭ.
كىيفەنلەپ جاڭكەيشى مۇردىنى كۆمدۇق،
ئەبەدگە يىتىم قالدى سالجى فېئودال.
ئوت قويىمىز ئىزىلىشنىڭ يەتمىش پۇشتىغا،
باش كوتەرالمىسۇن ئۆتمۈشدىكى ھال.

ھە، بۈگۈن مۇشۇ ئۆكتەبىردە
قەددىمىزنىمۇ كوتەردۇق.
ھەم تىكلىدۇق قىزىل بايراقنى.
ئالتۇن زەرلەر بىلەن كورىمىز ئەمدى،
بەخت يولى ئۈچۈن ياز غان—
پارلاق ۋاراقنى.

شۇنۇڭ ئۈچۈن بايرام قىلىمىز،
—ئۇز تويىمىز،—دەپ ئەيتىشىپ يەللە.
ھەممىمىز مۇشۇ تويىنىڭ ئىگىسى،
يانا چوڭ توي تۈزىمىز بىللە.

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ۋە تەمسىللىرىدىن:

بىر ئىزىلگەن ئەزىز بولماي قالماپتۇ.
ئىتكىنى سەمرىتسەڭ ئۆزۈڭنى تىپەر.
ئىگىسىنى سىغىنساڭ ئىتىغا سۆڭەك سال.
ھۆپۈپ دۆڭگە چىقسا قوش يەر، يىتىم تورگە چىقسا موش يەر.
دو غىرىپنى ئۇرار، ئومۇچۇك موساپىرنى.
قاغىنىڭ بارغىنىنى سورىماڭ، ياڭغىنىنى سوراڭ.
قىزىم يەپ ئەرگە چىقتى، ئوغلۇم يەپ ئوۋغا.
گول قازانغا قارايدۇ، ئادان ئوچاققا.
داۋز يوغان بىرنان يوق، سەللە يوغان ئىمان يوق.
خانغا يارىغان ئىشىم، تازغا يارىماپتۇ.
قەرزداردىن پوتكەننى ئال.
كۆيۈغول ئوغول بولماس، كولدە تام بولماس.
ئىشىگىڭنىڭ دومبىسىگە ئاپتاب چوشسە، قولۇڭنى ئۇست.
بوققىنىنى كالام دىمە، ئەل نەغمىنى بالام.
خوتۇننىڭ توققىنىنى كەلسە گورۇچ. ئەرنىڭ توققىنىنى كەلسە ئوروش.
گاھى خودا بىلەن رەسۇل، گاھى داپ بىلەن ئوسۇل.
تاز جابدۇغىچە توي تارقاپتۇ.
ئادەمنىڭ كىيىمىگە قارىماي ئىچىگە قارا.
بەغەرەزدىن دوزەخ قىچىپتۇ.
يىغىلىن يار بولىي قاچ.

## ھۆرمەتلىك قەلەم ئىگىلىرى دىققىتىگە

ژۇرنالىمىزدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىلمىي، تارىخىي ۋە ئەدەبىي (فولكلور، شېئىر، ھېكايە پيېسسە....) ماقالىلار بېسىلىدۇ. قەلەم ئىگىلىرىمىزنىڭ موشو ئاساسدا يېزىپ تۇرۇشلىرىنى سورايمىز.

ماقالە قوبۇل قىلىش تەرتىبى:

1 — ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قەغەزنىڭ بىر بېتىگە ئوچۇق ۋە چوشۇنۇشلۇك يېزىلىشى شەرت.

2 — ئەۋەتىلگەن ماقالىلارنى بېسىش ياكى قالدۇرۇش ۋە تۈزۈتۈشكە ھەيئىتىمىز ھوقۇقلۇقتۇر.

3 — بېسىلمىغان ماقالىلار ئىگىسىگە قايتۇرۇلمايدۇ. ئەگەر قايتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلار بولسا بۇرۇن بىلدۈرۈپ قويۇشى لازىم.

4 — تەرجىمە قىلىنغان ماقالىلار ئەسلى نۇسخىسى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىلىشى كېرەك.

5 — ماقالە ئىگىلىرىنىڭ ئىسمى، فامىلىسى، ئادرېسى ئوچۇق يېزىلىشى شەرت.

6 — بېسىلغان ماقالە ۋە تەرجىمە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ دەرجىسىگە قاراپ قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

«ئىتتىپاق» ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى «ئالغا» گېزىتخانىسى.

## بۇ ساندا:


| | بەت |
|---|---|
| ماۋزېدۇڭ. ئۆگىنىش ئۇسلۇبى، پارتىيەنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبى ۋە ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنى تەرتىپكە سېلىش | 1 |
| دەۋلىتىمىزدىكى خەلقچىل پارتىيە گورۇھلارنىڭ خىتابنامىسى | 29 |
| پۈتۈن ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت | 34 |
| ۋاڭ جىڭ. سوۋېت خەلقىنىڭ ماڭغان يولىنى ئۆگىنەيلى | 38 |
| ستېپانوۋا. ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى كىشىلىك تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى. | 42 |
| بۇرھان شەھىدى. ماۋزېدۇڭ بايرىقى ئاستىدا غالىبىيەت بىلەن ئالغا باسايلى! | 51 |
| س. ئەزىزى. 10-نويابىر كۈنى غەربىي زالدا ئېچىلغان دوستىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئەتچىلىرىنى قارشى ئېلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى. | 56 |
| شىڭ جاڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ 6 يىللىقىنى خاتىرلەيمىز | 63 |
| ئامېرىكانى قانداق تونۇش كېرەك (تەشۋىقات قوللانما) | 67 |
| چىڭ جىن نۇ. ياشلار تەربىيەسى | 93 |


ئەدەبىيات قىسمىدا:


| | |
|---|---|
| قەلەم ئىگىلىرىمىزگە قارىتا بىر ئىككى سۆز | 101 |
| ئە. ئەختەم. تىل ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە | 104 |
| تىل-ئىملا ھەققىدە قەبۇل قىلىنغان قارار | 113 |
| ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئىملاسىدا زور بۇرۇلۇش (شىڭ جاڭ گېزىتىدىن) | 116 |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى توپلىغۇچى: جاھار زىيائىدىن | 121 |
| شەپقەت (ھېكايە) | 130 |
| ت. ئېلىيوف نوي (شېئىر) | 135 |
| زېرەك براچى ئوكتەبىر (شېئىر) | 139 |
| خەلق ماقال ۋە تەمسىللىرىدىن: | 141 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# توزوتوش

| بەت | قور: يوقورى | قور: توبەن | بېسىلىش | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 6 | — | 1 | بلەن ئ ى ئوبدان | بلەن ئونى ئوبدان |
| 7 | 10 | | ماختاشقا ئ ە | ماختاشقا ئيگە |
| 9 | — | 3 | قربوسەن | قويوسەن |
| 18 | 5 | — | پارتەنڭ | پارتيەنڭ |
| 32 | 4 | — | ئەنوك عالچا | ئونوك غالچا |
| 33 | — | 8 | ئوشميسى | ئويوشميسى |
| 33 | — | 4 | موخ اريەت | موختاريەت |
| 41 | 11 | — | ينوتوقوش لازم | يوقوتوش لازم |
| 44 | — | 8 | ئولكيدەك | ئولگودەك |
| 47 | 13 | — | تەبيئەب | تەبيئەت |
| 48 | — | 15 | ئوز تەدبلىرىنى | ئوزتەقدىرلىرىنى |
| 49 | 15 | — | جانگير | جاهانگير |
| 62 | 15 | — | سقويتلەر | سوويتلەر |
| 81 | — | 3 | كو گوزوب | كر گوزوب |
| 96 | 1 | — | قيختييارى | ئيختيارى |
| 106 | — | 13 | شوهبەسز | شوبهەستز |
| 135 | — | 6 | قان يوتقان ئەللەر | قان يوتقان ئەلگە |
| 135 | — | 5 | تورموش يېگى ياق قان چرايى | تورموش تيگى باق قان ئيچيب چرايىنى |
| 140 | 11 | — | كوچە كلرينى سورودوق | كوچو كلرينى - سوردوك |

موندين باشقا بەزى ئورونلاردا هەرف چقماي قالغان ئورونلرى وە مەتبەئە خاتالرى ئوچروش مومكن. ئوقوغوچيلريمزنڭ توزوتوب ئوقوشى بلەن موندين كيين ژورنالمزنڭ تورلوك كەمچيلكلرى ئوستيدە تەنقيدى فكر وە يول يوروق بيرشلريني سورايمز.

مەسئول موهەرير : ئە. ئەختەم
كاريكتور : ئا. ئابلوريهم

ئتتيفاق مەتبەئەسى

تراژى : 2000

ئورومچى

باھاسى: 10دوللار

# وداق

# 同 盟

# Ассоциация